# سادا

(ئىچكى ژۇرنال)


مەسلىھەتچىلەر: لېتىپ توختى، ئەركىن ئابدۇللا

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ئىمام موللاخۇن، مەمەتئېلى

باش مۇھەررىر: ئالىمجان توختى (2009)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: رۇقىيە تۇرسۇن (2010)
شاھمەردان مەمەتئېلى (2010)

تەھرىرات ئەزالىرى:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت ئۇيغۇرىي (2009)، ئابدۇرېھىم تۇردىمەمەت (2009)، ئاينۇر ئوبۇل (2010)، ئابدۇللا تۇرسۇن (2012)، تۈركىزات ئابدۇبەسىر (2009)، سەردار ئۆمەر (2011)، خۇرشىدە سەمى (2009)، گۈلمىرە ياقۇپ (2010)، ئوسمانجان ئابدۇكېرىم (2010).

مەسئۇل كوررېكتورلار: مەمەتجان ئەمەت (2009)، مەرھابا مەمەت (2011)، نۇربىيە ئابلا (2009)

كوررېكتورلار:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئايجامال ئېزىز (2011)، ئابلىكىم مەمەت (2011)، رامىلە مۇساجان (2011)، زىبىرنىسا سەلەي (2011)، مەمەتجان ئابدۇقادىر (2011)، مەرۋايىت مەمەتئابدۇللا (2011)، نۇرىمانگۈل مەتىمىن (2010)، ئىززەتگۈل مەتىمىن (2011)

بەت لايىھەلىگۈچى:
نۇربىگۈل ئەھەت (2009)



**مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرتىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى**
**«سادا» ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزدى.**
**2012 - يىل دېكابىر، بېيجىڭ.**

# بۇ ساندا

## ئىز ۋە ئۆلگە


پايتەخت مەرىپەت بېغىدىكى ئىجتىھاتچان باغۋەن.................................
................................ ئىسمايىل ھېكىم، خۇرشىدە سەمى 1
ئىلىم بېغىدىكى ھارماس بىر جۈپلەر.........................................
.......................... نۇربىيە (2011 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)، ئىسمايىل ھېكىم 84


## تۇرمۇش پاراڭلىرى


كۆزدىكى خىيانەت.......................... ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە 69
سەھرادىكى توي.......................... ئالىمجان توختى 38
ئانا ـ بالا.......................... يۈسۈپجان مۇھەممەت 52
غېرىب بىلەن جۇلتىتا.......................... ئابدۇرېھىم تۇردىمەمەت 58
نان.......................... شاھىمەردان مەمەتئېلى 81
بىخلانمىغان مۇھەببەت.......................... ساباھەتگۈل مۇھەببەت 90


## يازغۇچىلار بىلەن تونۇشۇش


ئاتاقلىق قىرغىزيازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ تەرجىمھالى.......................... 27
شائىر جوسېف برودسكى (Joseph Brodsky) ھەققىدە.......................... 28
نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن جۇڭگولۇق يازغۇچى ـ مويەن.......................... 29
ئاتاقلىق يازغۇچى ئورخان پامۇق.......................... 31
شائىر، يازغۇچى ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە ھەققىدە.......................... 68


## شېئرىيەت گۈلستانى


ئانا تىل رىشتىسى.......................... تۇركىزات ئابدۇبەسىر 8
گۈلۈم.......................... مەمەتجان ئەمەت 50

غەزەللەر.................................. مەمەتئېلى توختى 45
سېغىنىش.............................. يۈسۈپجان مۇھەممەت 79
رومكا سوقۇشقان خىياللار................ رۇقىيە تۇرسۇن 93
ئىككى شېئىر................................ ئاينۇر ئوبۇل 80
ئىككى غەزەل............... ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت ئۇيغۇرىي 97
شېئىرلار...................................... توختىقارى نۇر 99
ئىمتىھانلار سىنايدۇ............... ئابدۇللا تۇرسۇن بىخلانى 67
ھايات شۇنداق چېقىلغان چاقماق..................... مەۋلان ھوسەنجان 83


## قەلب تىۋىشلىرى


ئۆلۈم.......................................... ستىنسا يۈسۈپ 51
ۋاقىت............................. زۇلپىيە ئابلىكىم كۆكلەمى 88
قەلبكە پىچىرلاش............................... مەمەتجان ئەمەت 80


## ئىزدىنىش


مەشھۇر تۈركولوگ، ئۇستاز گېك شىمىن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلەر كاتالوگى........
.......... ئابلاجان يۈسۈپ 9
شائىر قۇسۇرى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە............. تۇركىزات ئابدۇبەسىر 60
كەڭ مەنىدىكى ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە تىلشۇناسلىقى.......... ئابلىكىم مەمەت تەرجىمىسى 55
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى............ ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت ئۇيغۇرى تەرجىمىسى 46


## كۆۋرۈك


ئاھ، مېنىڭ ساراڭ ئانام.............. پەتتارجان مۇھەممەد تەرجىمىسى 33
پەرىشتىنىڭ نەزىرى................. ئىسمايىل ھېكىم تەرجىمىسى 76
ئېنگىلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشتە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بەش نۇقتا........
.............................. ياسىنجان مەمەت تەرجىمىسى 95


## خەۋەر كۆزنىكى


مەۋسۇملۇق خەۋەرلەر.................................... 101

# پايتەخت مەرىپەت بېغىدىكى ئىجتىھاتچان باغۋەن نۇرگۈل تۇرسۇن مۇئەللىم



**(زىيارەت خاتىرىسى)**

**ئىسمايىل ھېكىم (2009)، خۇرشىدە سەمى (2009)**

دۆلىتىمىز تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قەدىمكى سۇلالىلەر دەۋرىدىن جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغىچە دۆلىتىمىز سىرتقا قارىتا بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى قوللاندى. بۇمەزگىلدە ياۋروپا ئەللىرى ئارقا - ئارقىدىن يېڭىلىققا كۆچۈش، ئاقارتىش ھەركىتى، سانائەت ئىنقىلابى ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى تاماملاپ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يېڭى يۈكسىلىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆز دۆلەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. دۆلىتىمىزمۇ نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغاكەلتۈردى. بولۇپمۇ 1978 - يىلدىكى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىن ئېچىلغاندىن كېيىن مەملىكىتىمىز ئىچى، جۈملىدىن ۋەتىنىمىز ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

رايونىمىز شىنجاڭدىن ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەرگە ۋە چەتئەللەرگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغانلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. ھەتتا بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلىرىمىز گۈزەل يۇرتى، مېھرىبان ئاتا - ئانىسى، ئەزىز قېرىنداشلىرىنى تەگرىتاغ ئېتەكلىرىگە قالدۇرۇپ، چەتئەللەردە ۋە ھەر قايسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بۈيۈك ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ياشاپ كەلدى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تىنىم تاپماي ئىزدىنىپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تىنىمسىز تۆھپە قوشتى. ئۇلارنىڭ قاتارىدا مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى

بولمش ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈشتە ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرۈپ، تىنىمسىز جاپا چېكىۋاتقان، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئىزدىنىش ۋە نوتا يېتىشتۈرۈشتەك مۇقەددەس، جاپالىق ئەمگەككە سەرپ قىلىۋاتقان ئىجتىھاتچان، ھارماس، مېھرىبان باغۋەنلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇرگۈل تۇرسۇن مۇئەللىم ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

نۇرگۈل تۇرسۇن مۇئەللىم 1964 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر شەھەر قوغان يېزا ھەزرەت 1 ـ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1971 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1976 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قەشقەر شەھەر ھەزرەت مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1976 ـيىلى 9 ـ ئايدىن 1981 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قەشقەر شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتىغا تەقسىم قىلىنغان. ئەمما ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا خىزمەت قىلغان. 1986 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە مۇشۇ ئىنىستىتۇتنىڭ سىياسىي ـ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھەر ساھەدە چوققىغا قاراپ تىنىمسىز ئىلگىرلىگۈچىلەرنىڭ كەسكىن رىقابىتىگە تولغان بۇ جەمئىيەتتە ئۆزىدە تېخىمۇ مول، ئۇنىۋېرسال بىلىم ساپا ھازىرلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن نۇرگۈل تۇرسۇن مۇئەللىم كەسپىي بىلىمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسىتىدە 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئېلىمىزنىڭ داڭلىق مەرىپەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان شاڭخەي فۇدەن ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتى ئاسپىرانتلار سىنىپىدا زىيارەتچى ئىلىم ئەھلى سۈپىتىدە سېلىشتۇرما تارىخ ۋە مەدەنىيەت پەنلىرى يۆنىلىشى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 1998 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئاسپىرانتلار سىنىپىدا ئوقۇغان. 2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن ھازىرغا قەدەر مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

نۇرگۈل تۇرسۇن مۇئەللىم 26 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا مەيلى قەيەرگە بارمىسۇن ئۆز خىزمىتىگە ئىنچىل سادىق بولۇپ كەلدى. ئۇ بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەلگەن دەسلەپكى يىللىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ئۇسسۇل ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەلگەن دەسلەپكى كۈنلىرىمدە، ئاساسەن بىكارچى بولۇپ قالدىم. بۇرۇنقىغا ئوخشاش تاڭ سەھەردىلا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشكە تەشكىللەيدىغان، ئۇلار بىلەن ھەرخىل تېمىدا قىلغان سۆھبەتلىرىمنى، خىزمەتداشلىرىم بىلەن تارىخ، مەدەنىيەت، پەلسەپە توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ قانداق كەچ بولغانلىقىنى تۇيماي قالىدىغان شۇ كۈنلىرىمنى سېغىنىشقا باشلىدىم. دەرس مۇنبىرىدە تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس سۆزلەۋاتقان ھالىتىم كۆز ئالدىمغا كېلىدىغان بولۇۋالدى، دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچىلىرىمنى بەك سېغىندىم. ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، خۇددى مەن بۇرۇنقى مەن ئەمەستەكلا، شۇنىڭ بىلەن، بىكار بولسالا دۆلەتلىك كۇتۇپخانىغا، شىنخۇا كىتابخانىلىرىغا بېرىش بىلەن كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزدۈم. ئەمما يەنىلا قانائەت ھاسىل قىلمىدىم. ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ، باللىق ۋاقىتلىرىمدىن باشلاپلا مەن ياخشى كۆرگەن، مەن ئىشتىياق باغلىغان شۇ شەرەپلىك كەسپىمنى تېپىش نىيىتىگە كەلدىم، ئىزدەندىم، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئاخىرى مەقسىتىمگىمۇ يەتتىم.»

ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا پەقەت ئالىي مەكتەپتىكى ئۆزى ئۆگەنگەن تارىخقا ئائىت بولغان «جۇڭگو تارىخى» (قەدىمكى زامان، يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان قىسىملىرى)، «دۇنيا تارىخى» (يىراق قەدىمكى زامان، ئوتتۇرا ئەسىر، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان قىسىملىرى)، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، قاتارلىقدەرسلەرنى ئۆتۈش بىلەنلابولدى قىلمىدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان، مەكتەپنىڭ تەكلىپى ۋە ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق چېتىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغان، مول ئۇنىۋېرسال بىلىم تەلەپ قىلىدىغان «ئۇيغۇر تارىخى»، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى نەزىرىيەسى»، «ئۇيغۇر تەرجىمە تارىخى»، «تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاتلىرى»، «ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش»، «ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتى بىلەن بىرىكىشى»، «ئۇيغۇرئېغىز

تىلىدىن دەسلەپكى ئاساس» (بىرىنچى، ئىككىنچى قىسىم)قاتارلىق دەرسلەرنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭدىن سىرت، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدىكى 2001 ـ، 2002 ـ ۋە 2007 ـ يىللىق قاتارلىق ئۈچ قارار سىنىپقا ئوقۇتۇش يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىدى، بۇ جەرياندا ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە كۆيۈنۈپ، ئۇلار يولۇققان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش يىللىقنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش پراكتىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ ئىشلەۋاتقاندىن بۇيان ھازىرغا قەدەر ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

كونىلار« ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن» دەپ توغرا ئېيتقان. شۇنداق، نۇرگۈل تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتمىدى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 26 يىلدىن بۇيان مەكتەپ تەرىپىدىن «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى»، «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» قاتارلىق ناملار بىلەن مۇكاپاتلىنىپ فاكۇلتېت ۋە مەكتەپ تەشكىلىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا 1995، 1996، 1997 ـ يىللىرى ئۇدا 3 قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئۇقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئالىي تېخنىكوم ۋە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىمتىھان سوئالىنى چىقىرىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ھەر قېتىم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سىياسەت، تارىخ پەنلىرىنىڭ سوئال ۋە جاۋابلىرىنى ئىشلىدى. ئۇ ئىشلىگەن سوئاللار ئەلا سۈپەتلىك سوئال، 1 ـ دەرىجىلىك سوئال بولۇپ باھالىنىش شەرىپىگە ئېرىشتى.

نۇرگۈل تۇرسۇن مۇئەللىم خىزمەتكە قاتناشقان دەسلەپكى مەزگىللەردە تەرجىمە جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. 1990 ـ يىلى «خەن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تۇتۇق ھېراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ئورنى توغرىسىدا» (10مىڭ خەتلىك قىسمى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 4 ـ سان)، 1993 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن «501نىڭ كېلىش مەنبەسى» (50مىڭ خەتلىك قىسمى)قاتارلىق كىتابلارنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە قاتناشقان. 1994 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي تارىخ فاكۇلتېتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان «ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش پروگراممىسى» (30مىڭ خەتلىك قىسمى)، 1997 ـ يىلى «دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بىر قانچە خىل سېلىشتۇرما خاراكتېرلىك سوئال ـ جاۋاب تېمىلىرىنىڭ قىسقىچە ئىزاھاتى» (شىنجاڭ مائارىپى 1997 ـ يىللىق 7 ـ، 8 ـ سانلىرى)، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماتېرىيال بۆلۈمى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان «جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى» (2 قىسىم)(100مىڭ خەتلىك قىسمى)قاتارلىق ئون پارچىغا يېقىن كىتابنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە قاتناشقان.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ھەققىدە يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ يازغان « قانداق قىلغاندا تارىخ ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېلىشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ » (شىنجاڭ مائارىپى ژۇرنىلى1997 ـ يىلى 11 ـ سان)، «قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى سۇ ـ مۇز بايرىمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا»، (مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ژۇرنىلى 2001 ـ يىلى 2 ـ سان، خەنزۇچە)، « خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى»، (مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ژۇرنىلى 2003 ـ يىلى 4 ـ سان، خەنزۇچە)، « قەدىمكى تارىملىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇسى غوڭقا (ئارغىنون)نىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، (مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ژۇرنىلى 2004 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە)، «خەنزۇچە يازمىلاردىن سۇڭ، تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە نەزەر» (مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ژۇرنىلى)2004 ـ يىلى 2 ـ سان، خەنزۇچە)، «قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭ شەرققە تارقىلىشى»، (جۇڭگو مىللەتلىرى ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 3 ـ سان، خەنزۇچە)، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي چالغۇسى غوڭقا ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى» (جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى جەمئىيىتى مەجمۇئەسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە)، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىغا دائىر مەلۇماتلار»، (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 2009 يىللىق 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە)، «يۈەن

سۇلالىسىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى» ، (مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ژۇرنىلى 2009 ـ يىلى مەخسۇس سانى ، خەنزۇچە) ، «دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىكى ئاتاقلىق تارىخشۇناس ـ ئەل تەبارى» ، (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ، 2009 ـ يىللىق قوشۇمچە 2 ـ سان ، ئۇيغۇرچە) ، «كلاسسىك شېئىرلارنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدا تۇتقان ئورنى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2010 ـ يىللىق 3 ـ سان ، ئۇيغۇرچە) ، «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» تىكى بايانلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرىغا دائىر مەلۇماتلار» ، (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق قوشۇمچە 2 ـ سان) ، «بۈيۈك ئەدىب ئەلشىر نەۋائىي شېئىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى توغرىسىدا» (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2012 ـ يىلى 2 ـ سان ، ئۇيغۇرچە) ، «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى قىممىتى توغرىسىدا» ، (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2012 ـ يىلى 5 ـ سان ، ئۇيغۇرچە)قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ 2009 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ پىروفىسورى غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدىكى «قاز ئېرىق كەنتىنىڭ مىللەتشۇناسلىقى بويىچە تەكشۈرۈلىشى» تېمىسىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك ئادەتتىكى تەتقىقات تۈرىنىڭ تەكشۈرۈش ، تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ ، مەزكۇر پەن تەتقىقات تۈرى گۇرۇپپىسى ئۈزىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ۋەزىپىنى 2011 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مۇۋاپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ تەشكىلىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن مەملىكەت ئىچى سىرتىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش ۋە ماقالە ئوقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 2005 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ، مەركىزىي مىلللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ساھىپخانلىقىدا بېيجىڭدا ئېچىلغان تۈركىي تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ۋە «ئۇيغۇر مۇقام مائارىپىنى شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن سىرت 2008 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە تۈركىيە دۆلەتلىك تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن ئەنقەرەدە چاقىرىلغان«6 ـ نۆۋەتلىك تۈركىي مىللەتلىرى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە قۇرۇلتىيى» غا قاتناشتى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈن مەدەنىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە تۈركىيە دۆلەتلىك تىل قۇرۇمى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىشىپ بېيجىڭدا چاقىرغان «بۈيۈك تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» غا قاتناشقان ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ئىشلار مەدەنىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار» دېگەن تېمىدا ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان. 2011 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ ئىزمىر شەھرى كوجا ئەلى ئۇنىۋېرسىتېتىدا چاقىرىلغان «يېڭى تىل مەدەنىيەت ھەرىكىتى باشلانغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» غا قاتناشقان ۋە « ئۇيغۇرلاردا جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ۋە مەرىپەت مەشئەلچىسى مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان. 2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل فاتىخ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۈيۈك ئەدىب ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ۋە « بۈيۈك شائىر ئەلشىر نەۋائىي شېئىرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان.

ئۇ بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان ئۈزلۈكسىز «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ساھەسىدە ئىزدىنىپ مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ 2011 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «مەدەنىيەت بوستانى پىروگراممىسى» غا تاماشىبىن سۈپىتىدە قاتناشقان ۋە پىروگرامما نەق مەيداندا مۇخبىرلار نۇرگۈل مۇئەللىمنى زىيارەت قىلغان. زىيارەت داۋامىدا نۇرگۈل مۇئەللىم تاماشىبىنلارغا ۋە تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرگە«بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق (ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىقى)» دېگەن تېمىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بېرىپ ، كەڭ جامائەتچىلىكنى بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىقنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار

قىلغان شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بىر قىسىم تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تاماشىبىنلارنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

نۇرگۈل مۇئەللىم تارىخ ۋە جۇغراپىيەگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە 2009 - يىلى 3 - ئايدا يولدىشى ۋە فاكۇلتېت رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق، ئۆز خىراجىتى بىلەن ياۋروپادىكى گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبورگ، فىرانسىيە، شىۋېيتسارىيە، ئىتالىيە، ئاۋىستىرىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتكە ساياھەتكە بېرىپ ئۇ دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيەسى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. بۇ قېتىمقى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قىلغان سەپىرىدە نۇرگۈل مۇئەللىم ئۆزىنىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ياۋروپالىقلار بىلەن دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىلغارلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش، سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

نۇرگۈل تۇرسۇن مۇئەللىمنى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، ئۇنىڭ كاناي ياللۇغى كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، ئۆيدە ئارام ئېلىۋاتقان ئىكەن. زىيارەت پىلانىمىزنىڭ ئارقىغا سوزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆيىگىچە ئىزدەپ باردۇق. ئۇ ئۆيگە كىرگىنىمىزنى كۆرۈپ، ئاغرىق ئىكەنلىكىگە قارىماي بىزگە تاماققا تۇتۇش قىلدى. تاماق پىشقۇچە، بىز مۇئەللىمنىڭ يولدىشى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ بىزگە مۇئەللىم توغرىسىدا مۇنداق بىر تەسىرلىك ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى: «2003 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەت ۋەدۇنيانى زور ۋەھىمىگە سالغان سارس كېسەللىكى مەزگىلىدە، نۇرگۈل 2001 - ، 2002 - يىللىق سىنىپلارنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئىدى. سارس كېسەللىكى تارقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە ئائىلىسىگە قايتتى. كېيىن قالغان يەنە بىر قىسىملىرى مەكتەپكە قامىلىپلا قالدى. بۇ مەزگىلدە 2002 - يىللىقتىن 3 نەپەر ساۋاقداش ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. بۇلارنىڭ بىرى ئادەتتىكى ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ بېيجىڭ شەھەرلىك جىشۈيتەن دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالغانىدى، يەنە بىرى پۈتۈن بەدىنىگە چېچەك چىقىپ كېتىپ مەكتەپ دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالغان، يەنە بىرى ئاشقازان ياللۇغى بولۇپ بېيجىڭ شەھەرلىك خەيدىيەن رايونلۇق دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ئەھۋال ئالاھىدە بولۇپ، مەكتەپتە قالغان ئوقۇغۇچىلارنى سىرتقا چىقىشقا قويمايتتى، دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلارنىمۇ ئالدىراپ سىرتقا چىقىشقا قويمايتتى. پۈتۈن خەلق قورقۇنچ ۋە ساراسىمە ئىچىدە تۇراتتى، كەتمىگەن ساۋاقداشلارنىڭ ئائىلىلىرىدىنمۇ دائىم تېلېفونلار كېلىپ تۇراتتى، ئاغرىقلارنىڭ تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. نۇرگۈل بۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇلارغا ئۆيىدىن تاماق توشۇش، ساۋاقداشلارغا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى سىرتتىن ئېلىپ ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش، ئۇ مەزگىللەردە مەكتەپتە ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسى بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەۋەتكەن پۇللىرىنى پوچتىخانىدىن ئەكىلىپ بېرىش، ئالدىن قايتقان ساۋاقداشلارنىڭ ئائىلىسىگە دەرسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى، ھەر قايسى دەرسلەرنىڭ ئىمتىھان سوئاللىرىنى، مەكتەپ ۋە فاكۇلتېتنىڭ ئۇقتۇرۇشلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ناھايىتى ئالدىراش ئۆتتى. ئاخىرى ئۆزىمۇ قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا، مەن ئۇنىڭغا ئاغرىق ئەھۋالىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشنى ئېيتتىم، ئەمما ئۇ يەنىلا: ماڭا ھېچ ئىش بولمىدى، يۇقىرىغا مەلۇم قىلساق مېنىمۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىپ ئاز دېگەندىمۇ 15 كۈن كۆزىتىدۇ، ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ئەنسىرەيمەن، ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ باللار ساقىيىپ كەتسە بولاتتى دېدى ۋە قىزىتمىنى، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغان دورىلارنى يېدى ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللاندى... ھەممىدە ئەتىسى يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ باللار ياتقان دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتى. مېنىڭچە، ئۇ كەسپىتە تىرىشچان بولۇپلا قالماستىن، ئائىلىدىكىلەرگىمۇ ناھايىتى كۆيۈمى بار ئايال. مۇبادا سىنىپىدا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، شۇ ئىشنى ھەل قىلمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ.» بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇئەللىمگە بولغان ھۆرمىتىمىز ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىگە بولغان قايىللىقىمىز تېخىمۇ ئاشتى.

شۇنداق، نۇرگۈل مۇئەللىم ئائىلىدە بىر ياخشى ئانا بولۇپلا قالماي، مەكتەپتە مېھرىبان باغۋەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى نۇرگۈل مۇئەللىم بىلەن ھازىرغىچە ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ، ھېيت - بايرام مەزگىللىرىدە ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ ياكى

ئۇچۇر قىلىپ مۇئەللىمگە ھېيت - بايراملىق سالام يوللايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن كەسپى توغرىسىدا سورىغىنىدا ئۇ ھاياجانلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ ھەرقانداق بىر خۇشاللىقىم دەرس سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىكى شاتلىقىمغا يەتمەيدۇ، چۈنكى ھەر قانداق بىر قايغۇ - ئەلىمىم دەرس مۇنبىرى ئالدىدا يوقىلىدۇ. بەلكىم بۇ بىر خىل ياخشى كۆرۈش بولسا كېرەك. مېنىڭ باللىق چاغلىرىمدا، دوستلىرىم ئارىسىدا ھەر قېتىم ئوقۇتقۇچىنىڭ رولىنى ئېلىپ ئوينىغان مېھماندارچىلىق ئويۇنلىرىنىڭ ئۆسمۈرلۈك قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئالغان ئوقۇتقۇچى ئوبرازىنىڭ داۋامى بولۇشى مۇمكىن. بىزدە «ئوقۇغۇچىغا بىر ئىستىكان سۇ بېرىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىدا بىر چېلەك سۇ بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆز بار. مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئۆتىدىغان دەرسنى پۇختا ئىگەللىسە، كەسپي بىلىم سەۋىيىسى چوڭقۇر، ئۆز كەسپىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا، ئەتراپلىق ئىگەللىگەن، دەرس ئۆتۈشكە ماھىر بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ 16 خىل دەرس ئۆتتۈم، بۇ جەرياندا مەن داۋاملىق ئۆگەندىم، بولۇپمۇ كۆپلىگەن ۋاقتىم كەسپكە دائىر ماتېرىياللارنى كۆرۈش، داۋاملىق ئۆگىنىش بىلەن ئۆتتى. مەركىزي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 8 خىل دەرس ئۆتتۈم، بۇ جەرياندا مەن يەنە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك تىرىشمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بولۇپمۇ «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» دىن ئىبارەت بۇ دەرسنىڭ ئېھتىياجى مېنى تېخىمۇ بەك تىرىشچان قىلىۋەتتى. چۈنكى، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى بولغاچقا، بۇ دەرسنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، مەن بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقىدا بار بولغان بارلىق بىلىملەرنى يەنى، ماددىي، مەنىۋي، ئىجتىمائىيلىققا مۇناسىۋەتلىك بارلىق پەن، كەسپ، ئىجتىمائىي ئېتىكا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىملەردىن خەۋەردار بولمىسام، ھەتتا مۇناسىۋەتلىك بەزى تەرەپلىرىنى پۇختا ئۆگەنمىسەم بولمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن داۋاملىق مۇشۇ دەرسلەرنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن كۆپلەپ ماتېرىيال كۆرۈپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن نەزەرىيەنىڭ بىرلىششى، يوقالغان مەدەنىيەت ئامىللىرى ۋە يوقىلىۋاتقان مەدەنىيەت ئامىللىرى، ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ مەزكۇر مىللەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، باشقا مىللەت مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىپ، مىللەت ئۈچۈن پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلىرىنى دەۋر تەلىپى، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسەتلىرى ۋە مىللىي ئېھتىياجغا ماس ھالدا تەھلىل قىلىپ كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ تەرەپلەردىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىش ئارزۇسىدىمەن.»

بۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىغان تەلەپچان ئۇستاز ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەتقىقات پىلانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ساھەسىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارماق پەنلەر بويىچە خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ بىراق، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىقى بويىچە تېخى خېلىلا ئارقىدا تۇرىۋاتىدۇ. كىشىنى قايىل قىلغۇدەك، بولۇپمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنى قايىل قىلغۇدەك ئۇلارنى تەمىنلەپ دەرسلىك قىلغۇدەك ئالاھىدە بىر مۇكەممەل ماتېرىيال يوق، مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىلماقچى بولغان مۇھىم ئىشلىرىمنىڭ بىرى، ئۇزۇندىن بېرى ئۆگەنگەن كەسپي بىلىملەر ۋە ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدىن يىغقان تەجرىبىلىرىم ئاساسىدا مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش، يەنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىن قىسقىچە بولسىمۇ مەلۇمات بېرەلىگۈدەك بىر پارچە ئەسەر يېزىپ چىقىپ بۇنى كەڭ خەلقىم بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش، ئاندىن باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن خەۋەردار قىلىش، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىۋاتىمەن. بۇ تەرەپلەردىكى ئەمگەكلىرىم بەلكىم بىر ئىككى يىل ئىچىدە كەڭ خەلقىم بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. »

مۆلچەرلىگۈسىز ھاياتلىق يولىنى بېسىپ مۇساپە بىر يەرگەبارغاندا كەينىمىزگە باقساق ھەربىرىمىزنىڭ چوڭ - كىچىك ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر تارىخى ئوقۇتقۇچىسى نۇرگۈل تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىدىن خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ھاياتىدا

ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولىدىغان ئوخشايدۇ، باشقا ئىشلارغىمۇ ئانچە ئۆكۈنمەيمەن، بىراق ماكان، زامان ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرىمۇ قانداق، ئۆزەمگە تەقسىملەنگەن دەرسلەرنى تەلەپكە لايىق، سۈپەتلىك ئۆتسەملا بولىدۇ دەپ ئويلاپ، يېشىم كىچىك، زېھنىم ئوچۇق چاغلاردا چەتئەل تىلىنى راۋۇرۇس ئۆگىنىپ بىر باشقا ئېلىپ چىقمىغىنىم، ئىلمىي ئۇنۋان قاتارلىقلارغا سەل قارىغىنىم مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشلىرىمدىن ئىبارەت».

زىيارەت ئاخىرىدا نۇرگۈل مۇئەللىم ستودېنتلارغا دەيدىغان يۈرەك سۆزى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ئالدى بىلەن ھەممىڭلارنىڭ تېنىڭلارنىڭ سالامەت، تۇرمۇشىڭلارنىڭ خاتىرجەم، ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭلارنىڭ مەنىلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ بولغاچقا بۇ جەھەتتە ئۆزەمنىڭ تولىمۇ يالغۇز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن، مەن ئويلىغان، ئارزۇ قىلغان بىراق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە ئەمەلگە ئېشىپ بولمىغان بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىقى ساھەسىدە كۆپلىگەن تايانچلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى، ماڭا ياردەملىشىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ھەممىڭىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ھەممەيلەنگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىڭلار نۇرغۇن پۇل ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىپ سىلەرنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى، ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ئىكەنسىلەر چوقۇم ۋاقىتنى، پۇرسەتنى قەدىرلىشىڭلار كېرەك، چۈنكى ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ. ئاخىرىدا ساۋاقداشلارنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئالتۇندەك ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى قەدىرلەپ كەسپى ۋە تىل جەھەتتىكى سەۋىيەڭلارنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، 21 ـ ئەسىرگە خاس، ئۆزلۈك ئېڭى ئايدىڭ بولغان، يۇقىرى ساپالىق زىيالىيلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭلارنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن».

ھەممىزگە مەلۇمكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى جاپالىق ھەم شەرەپلىك خىزمەت. بۇ كەسىپنىڭ نېنىنى يېيىش تولىمۇ تەس، ئۇنىڭ ۋە نەتىجىسىمۇ ئۇزاقتا كۆرۈلىدۇ. خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئەخمەتجان قاسىمى: «دۇنيادا ئوقۇتقۇچى مېھنىتىدىن ئارتۇق پەخىرلىك مېھنەت يوق. چۈنكى داھىي، ئالىم، يازغۇچى، شائىر، ئۇچقۇچى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ!» دېگەن دانا ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان چەكسىز ھەم سەممىي ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلغان. شۇنداق ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى ئەنە شۇنداق جاپالىق ئەمما شەرەپلىك خىزمەت. ئۇ ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئېنژېنېرى، ئىنسان قەلبىگە تۇنجى مەرىپەت نۇرىنى ئېلىپ كىرگۈچى نۇرلۇق مەشئەل. ئەگەر ئوقۇتقۇچى بولمىغان بولسا، ئۇزاق تارىخ مابەينىدە ئىنسانىيەتنىڭ مول ئىلىم ـ پەن دۇردانىلىرى، كەشپىياتلىرى ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولاتتى ئەلۋەتتە.

بىز ئاخىرىدا بىلىم بېغىدىكى بۇ ھارماس، ئىجتىھاتچان باغۋەننىڭ تېنىنىڭ سالامەت، خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ۋە پورەكلەپ مېۋە بېرىشىگە چىن قەلبىمىزدىن سەممىي تىلەكداشمىز.

*مۇھەررىر: ئالىمجان توختى (2009)*

*كوررېكتور: مەرۋايىت مەمەتئابدۇللا (2011)*

# ئانا تىل رىشتىسى

تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009)

شۇنچە سىرلىق تۇيۇلىسەن ماڭا ئانا تىل،
ماكان قىلىپ تۇتۇۋالغاچ سەن بۇ روھىمنى.
روھىمنۇ ھەم سىڭىپ كەتكەچ سىنىڭ جىسمىڭغا،
مەن قانداقمۇ سىرلىق دېمەي تۇرالاي سېنى.

خىياللىرىم ساڭا مىنىپ قىلىدۇ پەرۋاز،
پىكىرلىرىم سىنىڭ بىلەن قاقىدۇ قانات.
تۇيغۇلىرىم نەپەس ئالار پەقەت سىنىڭدىن،
تۇرالامدۇ روھ بۇ تەندە سېنىڭسىز ھايات؟

قاچانلاردا تىللىرىمغا ئۇيۇۋالغانسەن،
سەن بىلەنلا ھۇزۇرلىنىپ سۆزلەيمەن پەقەت.
ئۆزگىلەرمۇ سىنىڭ بىلەن قايتۇرسا جاۋاب،
ئاھ دۇنيادا بارمۇ بۇندىن شېرىنرەك لەززەت.

ئايرىلالماس ئاشىقلارمىز سېكۇنت ـ دەقىقە،
يالغۇز تاشلاپ كەتكىنىڭ يوق بىردەملىك ئەسلا.
مەنمۇ سەنسىز بىر دەقىقە ياقمىدىم ياشاپ،
بېلىق بىلەن سۇغا تەمسىل ئىككىمىز گويا.

ئىلىملەرگە سەن باغلىغان سۆيگۈ رىشتىمنى،
ئەدەب ـ ئەخلاق باغچىسىغا سەن باشلىدىڭ ھەم.
ئالدىم يولدىن ئازغانلاردا سەندىن نەسىھەت،
سەن بولغاچقا توغرا يولغا تاشلىدىم قەدەم.

سەن ئۆگەتتىڭ قانداق ئادەم بولۇشنى ماڭا،
سەن ئۆگەتتىڭ جان ئانامنى قانداق سۆيۈشنى.
تەلىمىڭدىن ئۆگۈت ئېلىپ بىلدىم نىھايەت،
شۇ قەدىردان ئاتىلارغا بويۇن ئېگىشنى.

سۆيگۈ نېمە، نەپرەت نېمە، خۇشاللىق نېمە؟
چۈشەندۈرگەن سەن بولارنىڭ پەرقىنى ماڭا.
بەخت نېمە، غەلبە نېمە، مەغلۇبىيەتچۇ؟
بۇ خۇسۇستا تۈگىمەيدۇ رەھمىتىم ساڭا.

مۇھەببەتتە مىننەت يوقكەن سىنىڭدىن بىلدىم،
مىننەت قىلماي بەرگەن سەنمۇ چۈنكى ۋەسلىڭنى.
باشلاپ ماڭدىڭ قاراڭغۇدا يورۇققا يېتىلەپ،
قۇرۇپ بەردىڭ ئېتىقاد ئاتلىق ئۆلمەس تەختىمنى.

گاھى قىياس قىلىپ باقتىم سەنسىز ھاياتنى،
شۇ قىياسىم ئوخشاشلا ھەم سەن بىلەن يەنە.
تۇۋا دېدىم سەن نېمانچە چىرماشقان ماڭا،
بولالماسمۇ سەن بولمىساڭ قىياسلار مەندە.

مەن تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم سەنسىز ھاياتنى،
ھايات ئەمەس ئۆلۈم ئىكەن سەنسىزلىك دېگەن.
ئويلىسامىلا شۈركىنىدۇ تېنىم بولدى بەس،
شۇئان سالدىم بۇ بولۇمسىز خىيالغا يۈگەن.

سەنمۇ شۇنداق مېنى تاشلاپ كېتەلمەيسەن ھېچ،
سېنى مەندەك سۆيەلمەيدۇ باشقا بىر ۋۇجۇد.
قىياس قىلما سەنمۇ ئەسلا مەنسىز ياشاشنى،
مېنى مەھكەم باغاشلىغىن قۇچاقلا چىڭ تۇت.

شۇنچە سىرلىق تۇيۇلىسەن ماڭا ئانا تىل،
ماكان قىلىپ تۇتۇۋالغاچ سەن بۇ روھىمنى.
روھىمنۇ ھەم سىڭىپ كەتكەچ سىنىڭ جىسمىڭغا،
مەن قانداقمۇ سىرلىق دېمەي تۇرالاي سېنى.

*مۇھەررىر: ئوسمانجان ئابدۇكېرىم (2010)*
*كورېكتور: راملە مۇساجان (2011)*

# مەشھۇر تۈركولوگ، ئۇستاز گېڭ شىمىن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلەر كاتالوگى



**ئابلاجان يۈسۈپ (2008)**

مەشھۇر تۈركولوگ، جۇڭگو تۈركولوگىيەسىنىڭ بەرپاچىلىرىدىن بىرى، مەشھۇر ئالىم، تىلشۇناس، پروفېسسور، دوكتۇر يېتەكچىسى گېڭ شىمىن 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچ سائەت توققۇزدىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە كېسەل سەۋەبى بىلەن 83 يېشىدا بېيجىڭدا ۋاپات بولدى. بۇدۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىگە، شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى تۈركولوگىيە تەتقىقاتىغا نىسبەتەن ئورنىنى تولدۇرغۇسىز زور يوقىتىش بولدى.

گېڭ شىمىن جۇڭگو تۈركولوگىيەسىنى يوقتىن بار قىلغۇچى، دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە ئېتىراپ قىلىنغان تۈركولوگ، گېرمانىيە ھۇمبولدت فوندى ئالىملار مۇكاپاتىنىڭ، شۇنداقلا دۇنيا ئالتايشۇناسلىق دائىمىي يىغىنىنىڭ (PIAC)مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى، تۈركىيە تۈرك تىل جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي ئاكادېمىكى، يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستاز ئىدى. ئۇستاز گېڭ شىمىن 1929 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جياڭسۇ ئۆلكىسى شۈيجۇ شەھىرىنىڭ دوڭشەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1946 ـ يىلى ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دۆلەت 21 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىدە تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ، شۈيجۇ شىنشىن ئوتتۇرا مەكتىپى (كاتولىك دىنى جەمئىيىتى مەكتىپى)گە ئوقۇشقا كىرگەن. 1948 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شاڭخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل فرانسۇز تىلى ئۆگەنگەن. 1949 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنغان. ئەينى چاغدىكى فاكۇلتېت مۇدىرى جى شيەنلىن ئەپەندى ئۇ تىزىملاتقان ھىندى تىللىرى كەسپىگە ئوقۇغۇچى توشۇپ بولغانلىقنى، فرانسۇز تىلى ئەۋزەللىكى بىلەن ۋېيتنام تىلىدا ئوقۇسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلغان. بىراق گېڭ شىمىن ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ئۇيغۇر تىلى كەسپىنى تاللىغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلى كەسپىگە كىرگەندىن كېيىن قاتتىق ئىجتىھاد ۋە ئىشتىياق بىلەن زېھنىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە قاراتقان. بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ بىر قەدەر ياخشى بولغان ئېنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلى ئاساسىغا تايىنىپ، تۈرك تىلى گىرامماتىكىسىنى ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگەن. 1952 ـ يىلى ئۇ چۆچەككە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە قازاق تىلىنىمۇ ئۆگەنگەن. 1952 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلى كەسپى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا يۆتكەلگەن. 1953 ـ يىلى مەكتەپ

پۈتتـۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىـپ قېلىنغـان ۋە قـازاق تىلـى كەسـپىنى قـۇرۇپ، «قـازاق تىلـى»، «قـازاق تىلـى گىرامماتىكىسى»غا ئوخشاش دەرسلىكلەرنى تـۈزگەن. 50 ـ يىللارنىـڭ ئوتتۇرىلىرىـدىن باشلاپ ئـۇ گېرمـان تىلـى ۋە رۇس تىلـى ئۆگىنىـپ، مەشھۇر تۈركولوگ گابـائىن خانىمنىـڭ «قەدىمكـى تـۈرك تىلى گىرامماتىكىسى» ناملىق كىتابىنى ئۆگىنىشـكە ۋە خەنزۇچىغـا تەرجـىمە قىلىشـقا كىرىشـكەن، شـۇنداقلا مالوفنىـڭ «قەدىمكـى تـۈرك ۋەسـىقىلىرى»نـى ئـۆگەنگەن. 1956 ـ يىلـى قـازاق ئوقۇغـۇچىلار بىـلەن بىـرگە بىـر يىـل قـازاق شـىۋىلىرى تەكشـۈرگەن. بـۇ جەريانـدا ئالتايدىكى قازاق شـىۋىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەكشـۈرۈپ، شـۇ چاغقىچە خەنـزۇ كـادىرلار بىرىـپ باقمىغان بۇرچىنىنىـڭ شـىمالىدىكى تـۇۋالار رايونىنىمۇ تەكشـۈرگەن ۋە تـۇنجى قېتىم «موڭغـۇل» دەپ قارىلىۋاتقان بىـر قەدىمكـى تـۈركىي تىـل تـوۋا تىلىنـى ئىلىـم دۇنياسـىغا تونۇتقان. 1957 ـ يىلـى دۆلەتىمىـزگە تەكلىـپ بىـلەن دەرس ئۆتۈشـكە كەلـگەن سـوۋېت تۈركولـوگى تېنىشـىفقا يـاردەمچى بولغـان. 1976 ـ يىلـى شـىنجاڭ ئۇيغـۇر ئـاپتونوم رايـون رەھبەرلىرىنىـڭ ھاۋالىسـى بىلەن ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم «قەدىمكى تـۈرك ـ ئۇيغـۇر تىلى كەسـپى سىنىپى» ئېچىـپ، ئاساسىي ئوقۇتـۇش بىـلەن شـۇغۇللانغان ۋە ئېلىمىزدىكـى تـۇنجى «قەدىمكـى تـۈرك ـ ئۇيغـۇر تىلـى دەرسلىكى» (ئومۇمىي 8 قىسـىم، «قەدىمكـى تـۈرك مەڭگـۈ تاشـلىرىدىن تاللانمـا»، «قەدىمكـى ئۇيغـۇر يادىكارلىقلىرىـدىن تاللانمـا» (2 قىسـىم)، «قاراخـانىيلار يادىكارلىقلىرىـــدىن تاللانمـــا» (3 قىســـىم)، «ســـۆزلۈك»، «قەدىمكـــى تـــۈرك ـ ئۇيغـــۇر يادىكـــارلىقلىرى گىرامماتىكىسى»)تـۈزۈپ چىققان. بـۇ سـىنىپنىڭ ئېچىلىشى ۋە دەرسلىكىنىڭ تەسىس قىلىنىشى «قەدىمكـى تـۈرك ـ ئۇيغـۇر تىـل ـ ئەدەبىياتى» ئىلمىي ساھەسىدىكى تەتقىقاتقا قوشـۇلغان زور تـۆھپە. بـۇ سـىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىـدىن بۈگـۈن ئېلىمىز ئىچى ـ سىرتىدا بۇ ساھەدە قازانغانلاردىن مەتـرېھىم سايىت، ئىسراپىل يۈسۈپ، ياسىن ھوشۇر، ئابدۇقەييۇم خوجا، موللىنىياز تۇنىياز، پەرىـدە ھـامۇت قاتـارلىقلار بـار. ئۇسـتاز گېڭ شـىمىن 1985 ـ يىلـدىن باشلاپ قەدىمكـى تـۈرك ـ ئۇيغۇر يادىكـارلىقلىرى تەتقىقاتى يۆنىلىشى بـويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت، 1993 ـ يىلـدىن باشلاپ دوكتـۇر ئاسپىرانت قوبـۇل قىلىـپ ئـاز بولمىغـان مۇنەۋۋەر شـاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. مەسـىلەن، ئابدۇرېشىت ياقۇپ، ئابلىكىم ياسىن، ئابدۇرېھىم راخمـان، دىلارا ئىسـراپىل، رازىيە نـۇرى قاتـارلىقلار بۈگـۈنكى كۈنـدە ئېلىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى تۈركولوگىيە ساھەسىدە غوللۇق كۈچلەردىن بولۇپ قالدى.

ئۇسـتاز گېـڭ شـىمىن تـۈركىي تىللاردىـن قەدىمكـى تـۈركچە، قەدىمكـى ئۇيغـۇرچە، ھـازىرقى زامـان ئۇيغـۇر تىلـى، قازاق تىلى، ئۆزبېك تىلى، قاراقالپـاق تىلـى، تاتـار تىلـى، تـۈرك تىلـى قاتـارلىقلارنى بىلگەنـدىن باشقا ئېنگلىـز، رۇس، فىرانسۇز، نېمىس، ياپون تىللىرىنىمۇ پىششىق بىلەتتى ۋە بۇ تىللاردا ماقالە ـ ئەسەر يازغانىدى.

گېـڭ شـىمىن 70 ـ يىللاردىـن بـۇرۇن ئاساسـلىق قـازاق تىلـى قەدىمكـى تـۈرك تىلـى تەتقىقاتى يۆنىلىشـى بـويىچە ماڭغـان بولسـا، 70 ـ يىللاردىـن كېيىن قەدىمكـى تـۈرك تىـل ـ ئەدەبىياتىنى ئاساسىي تۈتقـا قىلىـپ، شـىنجاڭنىڭ قەدىمكى فىلولوگىيەسى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە دىنى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى.

ئۇسـتاز گېـڭ شـىمىن كـۆپ قېـتىم چەتـئەللەرگە تۈركولـوگىيە، ئوتتـۇرا ئاسىياشۇناسـلىق، شەرقشۇناسـلىق، دىنشۇناسلىق قاتارلىق ساھەرلەر بويىچە تەكلىپ بىلەن تەتقىقات ئۈچۈن چىققان. مەسىلەن 1981ــ 1983 ـ يىللاردا گېرمـانىيە گـۆتتېنگېن ئۇنىۋېرسـتېتى، بـوئىن ئۇنىۋېرسـتېتلىرىدا، 1991ـــ 1992 ـ يىلـى ئامېرىكـا ئىنـدىيانا ئۇنىۋېرسـتېتىدا تەتقىقات بىـلەن شـۇغۇللانغان. كـۆپ قېـتىم خەلقئـارا ئىلىم مۇنبەرلىرىـدە ئالتايشۇناسـلىق، تۈركولـوگىيە، شەرقشۇناسلىق، ئـارخېئولوگىيە، مـانى دىنـى، نىسـتۇرىيان دىنـى ۋە يېـپەك يـولى تەتقىقاتى بويىچە ئىلمىي لېكسىيەلەر سۆزلەپ، دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە يۇكسەك ئالقىشقا سازاۋەر بولغان.

دۇنيـا تۈركولوگىيەسـىنىڭ ئاساسچىسـى، خەلقئـارا ئـۇرال ـ ئالتايشۇناسـلىق جەمئىيىتىنىـڭ باشـلىقى گابـائىن خـانىم ئـۇنى باھـالاپ، «ئىلگـىرى يـاپونىيەدىكى قەدىمكـى ئۇيغـۇر مەدەنىيىتـى جەھەتـتە قولغـا كەلتـۈرۈلگەن نەتىجىلەردىـن تولىمۇ خۇشال بولغانىدۇق. ھـازىر بىـز جۇڭگـودىكى كەسپداشلىرىمىزنىڭمۇ قەدىمكـى ئوتتـۇرا ئاسـىيا ۋە قەدىمكـى ئۇيغـۇر مەدەنىيىتـى تەتقىقاتىـدا كاتتـا نەتىجـىلەر قولغـا كەلتۈرۈۋاتقـانلىقىنى كـۆرمەكتىمىز، بۇلارنىـڭ ۋەكىلـى پىروفېسسور گېـڭ شىمىندۇر. گېڭ شـىمىن ئەپەنـدىنى ھەقىقىي مەنىسـى بىـلەن فىلولـوگ دېيىشكە ھەقلىقمىـز، قىسقىغىنە ۋاقىـت ئىچىـدە ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تـۈرك ۋەسـىقىلىرى، بۇددا، مانىي دىنـى ۋە قـازاق تىلـى جەھەتـتە مول نەتىجىلەرنـى قولغـا كەلتـۈرۈپ، بىزنىـڭ ئوتتـۇرا ئاسـىيا ۋە قەدىمكـى تـۈرك فىلولوگىيەسـىگە بولغـان تونۇشـىمىزنى بېيىتتـى... » (1989 ـ يىـل 33 ـ جىلد «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»غا بېسىلغان.)مەشھۇر تۈركولـوگ، قەدىمكـى ئۇيغـۇر تىلـى مۇتەخەسسىسـى پېتـر زىيمـى ئەپەنـدى ئۇسـتاز گېـڭ شـىمىن ھەققىـدە توختىلىـپ، «گېـڭ ئەپەنـدىنىڭ ئۆمـۈر بـويى شـۇغۇللانغان كەسـپى جۇڭگـونى خەلقئـارادىكى تۈركولـوگىيە سـېپىگە ئېلىـپ كىـردى» دەپ ناھـايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنـدى. (بـۇ 2009 ـ يىلـى 11 ـ ئاينىـڭ 28 ـ كـۈنى ئۆتكـۈزۈلگەن «گېـڭ شـىمىن ئەپەنـدى تۇغۇلغانلىقىنىـڭ سەكسـەن يىللىقىنـى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنـى»دا ئوقۇلغان «پىروفېسسور گېڭ شـىمىن ۋە قەدىمكـى تۈركشۇناسـلىق» نـاملىق ماقالىدىن ئېلىندى.)



ئۇستاز گېڭ شىمىننىڭ بۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن، 1992 ـ يىلى دۇنيا مەشھۇر ئىلىم ئورگىنى بولغان گېرمانىيە ھۇمبۇلدت فوندى (Humbodt ـ Stiftung)ئۇنىڭغا خەلقئارا مەشھۇر ئالىملار مۇكاپاتىنى بەردى. بۇ ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇكاپات بولۇپ، ھازىرغا قەدەر جۇڭگودىن ئىككىلا ئادەم بۇ شەرەپكە نائىل بولدى. دۇنيا ئالتايشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي ئىلىم ئورگىنى ھېسابلانغان خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق دائىمىي ھەيئىتى ( PermanentInternational Altaistic Conference، قىسقارتىلىپPIAC دېيىلىدۇ)2000 ـ يىلى بېلگىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن 43 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ئۇستاز گېڭ شىمىننىڭ ئالتايشۇناسلىق، تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى پەۋقۇلئادە تۆھپىسىگە ئاساسەن شۇ يىللىق PIAC ئالتۇن مۇكاپىتىنى بەردى. ئۇ بۇ شەرەپكە ئېرىشكەن جۇڭگولۇق بىردىنبىر ئالىمدۇر. بۇ ئىككى چوڭ مۇكاپات ئالىمنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەنلىكىنى، ئېلىمىز ئالتايشۇناسلىق، تۈركولوگىيە ساھەلىرىدە ئەڭ نوپۇزلۇق ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 2000 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۈركىيە تۈرك تىل جەمئىيىتى بىر قېتىملىق يىغىنىدا گېڭ شىمىن ئەپەندىنى پەخرىي ئاكادېمىكلىققا تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى ئەمگەكلىرىنى مۇكاپاتلىدى.

ئۇستاز گېڭ شىمىن 1953 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلغىچە ياردەمچى ئوقۇتقۇچى، 1979 ـ يىلى دوتسېنت، 1985 ـ يىلى پىروفېسسور، 1989 ـ يىلى دوكتور يېتەكچىسى بولدى. بۇ جەرياندا ئوقۇتۇش ئىشخانىسى مۇدىرى، فاكۇلتېت، ئىنستىتۇت باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىغۇچىسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باھالاش ھەيئىتى ئەزاسى، جۇڭگو ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي باشلىقى، جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئۇن ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي باشلىقى، جۇڭگو تۈركولوگىيە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىنىڭ دائىمىي ئىش بېجىرگۈچىسى، جۇڭگو مىللىي تىل تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ پەخرىي مۇدىرى، جۇڭگو «شىنجاڭ تارىخى» تەھرىر ھەيئىتى، تۈركىيە چوڭ ھەجىملىك مەجمۇئە «تۈركلەر»نىڭ تەھرىر ھەيئىتى، خەلقئارا مانى دىنى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مەسلىھەتچىسى، ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى «تۈركولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» مەسلىھەتچىسى، تۈركىيە «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، «بۈگۈنكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، «تۈركولوگىيە»، بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرستېتى «ئاسىيا ـ ئافرىقا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ئۇستاز گېڭ شىمىن پۈتۈن ئۆمۈرىنى تۈركولوگىيە كەسپىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بولۇپ، پېنسىيەگە چىققان 23 يىلدىن بۇيان تەخمىنەن يىلىغا بىردىن ئىلمىي ئەسەر ۋە ئىلمىي ماقالە يېزىپ كەلگەن. ئۆز كەسپىنى، ئوقۇغۇچىلىرى، ئىقتىساسلىقلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان گېڭ شىمىن كېسەلى ئېغىرلاشقاندىن كېيىنمۇ دەرس ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇرغاندى. تاكى 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە ئىئىلىسىدىكىلەرگە چاقىلىق ئورۇندۇق بىلەن بىلەن سىنىپقا ئەكىرگۈزۈپ، دەرس ئۆتۈشنى داۋام قىلغانىدى.

گېڭ شىمىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش مەركىزى، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۈەن سۇلالىسى تارىخى ئىشخانىسى، تۈركىيە تۈرك تىل تەتقىقات جەمئىيىتى، ئىلى پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلىرى ئىنستىتۇتى، ئاخبارات ـ ئۈچۈر ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەرئاكادېمىيەسى تارىخ بۆلۈمى، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن شۈۋېيكەن، لىۇ جېن، ئىلى پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، جۇڭگو قەدىمكى يېزىق تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئۇن ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات

جەمئىيىتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنىستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە سەيپىدىن ئەزىزى ئائىلىسى قاتارلىقلار تېلېفون ئۇرۇپ ھال سورىدى.

بىز ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۇستازىمىز گېڭ شىمىن ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز ۋە ئۇستازنىڭ باشلاپ بەرگەن تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشقا، ئۇستازنىڭ ئەجرىنى ئاقلاشقا تىرىشىمىز.

ئۇستاز گېڭ شىمىننىڭ ئەسەرلىرى كاتالوگى (2009 ـ يىلغا قەدەر)

ئەسكەرتىش: ئۇستازنىڭ ئەسەرلەر كاتالوگى 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسور گېڭ شىمىننى دەپنە قىلىش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن كاتالوگ ئاساسىدا تەرجىمە قىلىپ تۈزۈلدى.

ئاساسلىق كىتابلىرى:

1. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە، 乌古斯可汗的传说——古代维吾尔史诗研究، خەنزۇچە ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980؛ ئۇيغۇرچە، تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرگە، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980؛ قازاقچە، ماقەن بىلەن بىرگە، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986

2. تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان (语言学概论)(ماشۆلياگنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈشكە قاتناشقان)، ۋۇخەن، خۇاجوڭ سانائەت ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى، 1981

3. قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما، (古代维吾尔诗歌选)، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982

4. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان (维吾尔古代文化和文献概论)1983 ـ يىل

5. تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە سەپەر خاتىرىسى، ئىزاھى بىلەن (大唐西域记校注)جى شيەنلىن باشچىلىقىدا تۈزۈشكە قاتناشقان، بېيجىڭ، جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1985

6. قازاق تىلى تەزكىرىسى (哈萨克语简志)لى زېڭشياڭ بىلەن بىرگە، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985

7. ھازىرقى زامان قازاق تىلى گىراماتىكىسى، 现代哈萨克语语法، بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى، 1989

8. دۇنخۇاڭ تۈرك ـ ئۇيغۇر ھۆججەتلىرىگە كىرىش، 敦煌突厥回鹘文书导论))، تەيۋەن شىن ۋېنفېڭ نەشرىياتى، 1994

9. دۇنخۇاڭشۇناسلىق چوڭ لۇغىتى (敦煌学大词典)جى شيەنلىن باشچىلىقىدا تۈزۈشكە قاتناشقان، شاڭخەي، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1998

10. ھازىرقى زامان قازاق تىلى، قازاقچە، ماقەن، جۇماتايلار بىلەن بىرگە، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999

11. ئورخۇن يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى تىلى تەتقىقاتى، ئابدۇرېشىت ياقۇپ بىلەن بىرگە، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999

12. مايترى سىمىت . ـ Das Zusammentreffen mit Maitreya. Die ersten fünf Kapitel der Hami ـ Version der Maitrisimit. Teil I: Text, Übersetzung und Kommentar; Tell II: Faksimiles und lndices، 2 ـ توم، نېمىسچە، كلىمكېيت بىلەن بىرگە، ۋېسبادېن، 1988

13. قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا ۋەھىينامە تەتقىقاتى، Das Zusammentreffen mit Maitreya. Die ersten fünf Kapitel der Hami ـ Version der Maitrisimit. Teil I: Text, Übersetzung und Kommentar; Tell II: Faksimiles und lndices، نېمىسچە، كلىمكېيت، يەنس پېتېر لائۇتلار بىلەن بىرگە، ۋېسبادېن، 1998

14. «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» تۆتىنچى توم، History of Civilizations of Central Asia, Vol. IV غا كىرگۈزۈلگەن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى، The Uighur Kingdom



of Kocho، ئىنگلىزچە، ب د ت مائارىپ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تۈزگەن، پارىژ، 1998

15. شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى((新疆文史论集))، بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001

16. قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى (维吾尔古代文献研究)بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003

17. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى» (تىل ـ يېزىق بۆلۈمىنى تۈزۈشكە قاتناشقان)، 中国大百科全书))بېيجىڭ، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1988

18. قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى تەتقىقاتى((古代突厥文碑铭研究))بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005

19. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر تەتقىقاتى((回鹘文社会经济文书研究))بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006

20. شىنجاڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان((新疆历史与文化概论))بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006

21. قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى دەرسلىكى((古代维吾尔文献教程))بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006

22. ئۇيغۇر ۋە قازاق ئەدەبىياتى ماقالىلەر توپلىمى((维吾尔与哈萨克语文学论集))بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007

23. قەدىمكى ئۇيغۇرچە قومۇل نۇسخىسى «مايترى سىمىت» تەتقىقاتى回鹘文哈密本〈弥勒会见记〉研究))، بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008

24. قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى((古代突厥语法))بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009

تەرجىمە ئەسەرلەر:

1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: قۇتادغۇ بىلىگ((福乐智慧))قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىن تەرجىمە، ۋېي سۈيىي بىلەن بىرگە، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979

2. بارتولد: ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە((中亚突厥史十二讲摘要))نېمىسچىدىن تەرجىمە، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980

3. بارتولد: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى (中亚简史)ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980

4. خانېدا تورو: غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى((西域文化史))ياپونچىدىن تەرجىمە، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981

5. گابايىن: قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى((古代突厥语法))نېمىسچىدىن تەرجىمە، خوخخوت، ئىچكى موڭغۇل مائارىپ نەشرىياتى، 2004

6. خانېدا تورو: غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان((西域文明史概论))بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2005

7. خانېدا تورو: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى((中亚简史))بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2005

ئىزاھلاپ باھالىغان كىتابلار:

1. لېكوك: جۇڭگو شىنجاڭنىڭ زېمىنى ۋە ئاھالىسى (中国新疆的土地与人民)ئىزاھلىغان ۋە ئاپتورنى تونۇشتۇرغان، بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2008

2. ۋارىد شىمىس: گاندىرا، كۇچا ۋە تۇرپان((犍陀罗、库车与吐鲁番))ئىزاھلىغان ۋە ئاپتورنى تونۇشتۇرغان، بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، نەشر ئالدىدا

دەرسلىكلەر

1. قەدىمكى تۈرك تىلى ۋەسىقىلىرىدىن تاللانما((古代突厥语文献选读))ماي باسما، 7 قىسىم، 1 قىسىم سىزلىك، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، 1978ـــ 1980 ـ يىللار

2. قەدىمكى تۈرك ۋەسىقىلىرى گىراماتىكىسى((古代突厥语文献语法))ماي باسما، ۋېي سۈيىي بىلەن بىرگە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، 1980

3. خەنزۇچە ـــ قازاقچە تەرجىمە دەرسلىكى(汉译哈翻译教材))ماي باسما، ماقان بىلەن بىرگە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، 1981

4. ھازىرقى زامان قازاق تىلى گىرامماتىكىسى(现代哈萨克语语法))ماي باسما، خەنزۇچە تۈزىتىلگەن نۇسخا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، 1981

5. ھازىرقى زامان قازاق تىلى گىرامماتىكىسى، 现代哈萨克语语法، ماي باسما، قازاقچە تۈزىتىلگەن نۇسخا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، 1981

ماقالىلار

1. يېڭىدىن بايقالغان تۇۋالارنىڭ تىل ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش، 新发现的图瓦语情况介绍، مىللىي تىللارنى تەكشۈرۈش ئاخباراتى، 民族语言调查通讯، 1957

2. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى، 古代维吾尔人的语言和文字، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى 1، 少数民族语文论集، بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1958

3. قازاق تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە تەتقىقاتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى 2، 少数民族语文论集، بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1958

4. ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانى «قۇتادغۇ بىلىگ»، 〈福尔智慧〈维吾尔古典长诗، خۇ جېنخۇا بىلەن بىرگە، شىنجاڭ مەدەنىيىتى، 1963 ـ 3

5. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە مۇھاكىمە، 试论维吾尔语书面语的发展، جۇڭگو ئەدەبىياتى، 1963 ـ 4

6. قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى ھەققىدە، 谈谈维吾尔古代文献، شىنجاڭ ئەدەبىياتى، 1963 ـ 4

7. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى، 谈谈维吾尔古代文献، خۇ جېنخۇا بىلەن بىرگە، شىنجاڭ ئەدەبىياتى، 1963ـ 5

8. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرى ۋە يادىكارلىقلىرى، 〈突厥大辞典〉及其作者〈، كىتابلارغا باھا، 1978ـ4

9. بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى شىنجاڭدا تارقىلىشى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1978ـ2

10. قەدىمكى ئۇيغۇر خەنزۇ تىلى تەرجىمانى شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭ (谈谈维吾尔族古代文字和文献)كىتابلارغا باھا، 1978 ـ 2

مويەن جۇڭگودا ئىسلاھات دەۋرى باشلانغان 80 ـ يىللاردا يېزىقچىلىققا رەسمىي كىرىشتى. شۇ يىللاردا ئۇ ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان نەچچە ئونلىغان يېزا تېمىسىدىكى ھېكايە، پوۋېستلىرى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىدى. بۇ يىللاردا ئۇنىڭ «قۇرىغان دەريا»، «كۆز سۈيى»، «خەلق ئارىسىدىكى مۇزىكا» ناملىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان، بۇ ئەسەرلەردە ئۇنىڭ يېزىغا بولغان سېغىنىش، يېزىنى ئويلاشتەك مۇرەككەپ ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن دەسلەپكى يىللاردىلا، يەنى جۇڭگودا ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان دەسلەپكى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن «يىلتىز ئىزدەش» ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك يازغۇچىسى قاتارىدا سانىلىشقا باشلىغان. 1981 ـ يىلى ئۇنىڭ تۇنجى رومانى «بىر ياز كېچىسى ياغقان يامغۇر» نەشر قىلىندى. ھەممە يلەنگە مەلۇمكى، مويەننىڭ «قىزىل قوناقلىقتا» رومانى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان رومان. ئۇ بۇ رومانىدا، جۇڭگو تارىخىدىكى 1923 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە بولغان ياپونغا قارشى ئۇرۇش، ئازاتلىق ئۇرۇشى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا ئوخشاش زور ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەيدۇ، بۇ ئەسەردە ھەتتا، تاجاۋۇزچى ياپون ئارمىيىسى ئەسكەرلىرىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ئازاپلىرى ئەنئەنىۋى تەرزدە ئىنچىكە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى رومانى «سېرىق تۇپراق باللادالىرى»دا بولسا، ئالىي كوپراتسىيە قۇرۇش مەزگىلىدىكى مەھسۇلاتى دۆلەتكە تاپشۇرۇلىدىغان قوناق تېرىش، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى دېھقانلار ھەققىدە ھېكايە

قىلىنغان. «شەرەپلىك جۇمھۇرىيەت» ناملىق رومانى بولسا، ھاراق ھەققىدىكى ساتىرا بولۇپ، مويەن بۇ ئەسىرى ئارقىلىق لۇشۈندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋي مەدەنىيىتىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى تەنقىد قىلغان يازغۇچى دەپمۇ قارىلىدۇ.

مويەن 1986 ـ يىلى ئازاتلىق ئارمىيە سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، 1991 ـ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى لۇشۈن ئىنىستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتلىقىنى پۈتتۈرۈپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1997 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «تولغان كۆكرەك، سېمىز ساغرا» ناملىق رومان بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن دەھشەتلىك دەپسەندە قىلىنغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئەسەر. لېكىن بۇ ئەسەر جۇڭگودا خېلى چوڭ مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولغان بولۇپ، بەزى سولچىل تەنقىدچىلەر بۇ ئەسەردىكى قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئوبرازى خۇنۈكلەشتۈرۈلگەن، دەپ قارىغان. ئەمما بۇ ئەسەر شۇ يىلقى جۇڭگودىكى ئەڭ يۇقىرى سوممىلىق ئەدەبىيات مۇكاپاتى «بۈيۈك ئەدەبىياتشۇناس» ناملىق مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، مويەن 100مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلانغان. كېيىن ئۇ«تەپتىش كۈندىلىك گېزىتى»دە ئىشلەپ بىر نەچچە سىنارىيە يازغان.

مويەننىڭ كېيىنكى «مەن ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا» ناملىق رومانى 42 كۈندە يېزىلىپ پۈتكەنىكەن، ئېيتىلىشىچە، بۇ رومان پىنيىن يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ قارىشىچە، خەنزۇچە تەسۋىرىي يېزىقتا يازغاندا سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئەسەردە ئەسلى كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىكەن. بۇ روماندا جۇڭگودا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن جۇڭگو جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان يېڭى خوجايىنلار (بايلار)ئوبرازلىرى سۈرەتلەنگەن.

مويەننىڭ«قىزىل قوناقلىقتا»ناملىق ئەسىرى 2000 ـ يىلى شياڭگاڭدا خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن ئاسىياغا تارقىلىدىغان «ھەپتىلىك گېزىت» تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەشھۇر ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە «20 ـ ئەسەردىكى خەنزۇچە يېزىلغان ئەڭ مەشھۇر رومان»بولۇپ باھالانغان. 2001 ـ يىلى ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى تەيۋەندە چىقىدىغان «بىرلەشمە گېزىت» ئۇيۇشتۇرغان يىللىق باھالاشتا شۇ يىللىق ئوقۇرمەنلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىتاب بولۇپ باھالانغان. 2005 ـ يىلى بۇ ئەسەر يەنە «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. شۇ يىلى يەنە ئۇنىڭ «41 ـ توپ» ناملىق ئەسىرى «خەنزۇ ئەدەبىياتى تاراتقۇلىرى چوڭ مۇسابىقىسى»دە «نەتىجە ۋە تالانت مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن، ھەمدە بۇ نەتىجىسى بىلەن شياڭگاڭ ئاۋام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي ئەدەبىيات دوكتورلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. ئۇنىڭ 2006 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «پاقا» ناملىق رومانىنىڭ بىرىنچى بابى بولغان«ھايات ماماتلىق چارچاش» سىنگاپوردا چىقىدىغان بىر گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ سىنگاپوردا تارقىتىلىدىغان «ئاسىيا سۇڭفۇگاڭ مەدەنىيەت بۈيۈك مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئۇ 2006 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «جۇڭگودىكى ئەڭ باي يازغۇچىلارنى باھالاش» پائالىيىتىدە، ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى 3مىليون 450 مىڭ يۈەن پۇلى بىلەن جۇڭگودىكى ئەڭ باي يازغۇچىلار رەت تەرتىپىدە 21 ـ ئورۇندا تۇرغان.

مويەننىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن، ئىجتىمائىي تەھلىل خاراكتېرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ لۇشۈندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قالاق تەرەپلىرىگە تەنقىدىي كۆز بىلەن قارىغان، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدا سوتسىيالىستىك رېئالىزىم بىلەن گابرىل گىرسىيا ماركوزنىڭ سېھرىي رېئالىزىمنى ئىجادىي بىرلەشتۈرگەن، جۇڭگونىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئاساس قىلغان كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ناھايىتى مول ئوزۇق ئالغان. شۇڭا مويەنمۇ «غەربكە ساياھەت»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە 2009 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ فىرانكفورت شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارا كىتاب يەرمەنكىسىدە، ئۆز ئىجادىيىتىگە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭمۇ مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلغان.

مويەننىڭ رومانلىرى ئاساسەن سوتسىيالىستىك رېئالىزىم خاراكتېرگەئىگە، ئۇ مۇئەييەن ئىدېئولوگىيەنىڭ تەسىرىگە قارىماي، ئەسەرلىرىدىكى باش تېما ئىنسانلارنىڭ ئاچكۆز ۋە ساتقىنلىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ئىنسانىي مەسىلىگە مەركەزلەشكەن. شۇڭا بۇ ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار ئاپتورنىڭ ئەسلى يۇرتى شەندۇڭ يېزىلىرىدىكى دېھقانلار ئاساسىدا يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئادىمىي خاراكتېر جەھەتتىن خېلىلا مۇرەككەپ ۋە رەڭگارەڭ.

مويەن ئۇن ـ تۈنىسىز يېزىقچىلىق قىلىدىغان يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەسەرلىرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتە، ھەتتا چەتئەللەرگىمۇ تونۇلۇشقا

باشلىغان. ئامېرىكىلىق ئەدەبىيات تەنقىدچىسى دونالد موررىيېن «TIME» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، «مويەن جۇڭگودا ئەسەرلىرى تېز نەشر قىلىنىپ، تېز سېتىلىدىغان مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ بىرى» دېسە، ئامېرىكىلىق جىملېس «مويەن جۇڭگونىڭ فرانىز كافكاسى ۋە جوزېف ھېللېرى» دەپ ئاتىغان.

ھازىرغىچە، مويەننىڭ«بىر ياز كېچىسى ياغقان يامغۇر» (1981)، «قىزىل قىلىچ ساداسى» (بۇ ئەسەر بەش قىسىم بولۇپ، 1987 ـ يىلى يېزىلىپ شۇيىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان، 1993 ـ يىلى ئېنگلىزچە نەشرقىلىنغان)، «سېرىق تۇپراق باللادىلىرى» (1988 ـ يىلى خەنزۇچە، 1995 ـ يىلى ئېنگلىزچە نەشرقىلىنغان)، «شەرەپ جۇمھۇرىيىتى» (1992 ـ يىلى خەنزۇچە 2000 ـ يىلى ئېنگلىزچە نەشر قىلىنغان)، «تولغان كۆكرەك، سېمىز ساغرا» (1996 ـ يىلى خەنزۇچە، 2005 ـ يىلى ئېنگلىزچە نەشر قىلىنغان)، «سەندەل ياغىچى» (2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان 2011 ـ يىلى ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان)، «مەن ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا» (2006 ـ يىلى خەنزۇچە، 2008 ـ يىلى ئېنگلىزچە نەشر قىلىنغان)، «دىئالوگ»، «پاقا» (2010)قاتارلىق رومانلىرى ۋە نەچچە يۈز پارچە ھېكايىلىرى ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى.

مويەن ئۆزىنىڭ ھاياتىدا، تۈرلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىداكارلىق بىلەن يېزىقچىلىق قىلىپ، ئاز بولمىغان ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن يازغۇچى. مەسىلەن، 1988 ـ يىلى خەلقئارالىق نىئۇستات مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن، 2005 ـ يىلى كىرىياما مۇكاپاتى، «تولغان كۆكرەك، سېمىز ساغرا»ناملىق ئەسىرى 2009 ـ يىلى خەلقئارالىق داڭلىق كىتابلار مۇكاپاتى، 2010 ـ يىلى «مەن ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا» ناملىق ئەسىرى خەلقئارا تىل مۇكاپاتىغا، 2011 ـ يىلى ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا، 2012 ـ يىلى بولسا، «مويەن ئەسەرلىرىدە، جۇڭگوچە بولغان سوتسىيالىستىك رېئالىزىم بىلەن ئەل ئىچى ئەدەبىياتى، تارىخ ۋە بۈگۈننى ئۆزئارا بىر گەۋدىلەشتۈرگەن» دېگەن باھا بىلەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ يىل 57 ياشقا كىرگەن يازغۇچى مويەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئالغان 109 ـ كىشى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئۆزىدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۇنجى خەنزۇ يازغۇچى. شۋېتسىيە ئاكادېمىيىسىنىڭ رەھبىرى پېتىر ئېنگلوند مويەنگە مۇكاپات بېرىش نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «يازغۇچى مويەن ئۆزگىچە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، سىز ئۇنىڭ ئەسىرىدىن يېرىم بەت ئوقۇپلا بۇ ئەسەرنى كىم يازغان؟ ـ دەيسىز».

مويەننىڭ بىر نەچچە ئەسىرى كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن، مەسىلەن: «قىزىل قوناقلىقتا» (1987 ـ يىلى رېژىسسور جاڭ يىمۇ)، «بەختلىك ئانىلار» (2000 ـ يىلى، رېژىسسور جاڭ يىمۇ)، «ئۇستاز كۈلۈش ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىدۇ» (2003 ـ يىلى، رېژىسسور خۇاجيەنچى)، «ئاق ئىت ۋە يەلكەن» ناملىق ئەسىرى ئاساسىدىكى «قۇياشنىڭ قۇلاقلىرى بار» (1995 ـ يىلى، رېژىسسور يىڭ خۇ)قاتارلىقلار بار.

ئۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، يەنى 2012 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يەنە بىر يېڭى ئەسىرى «بىزنىڭ جىڭ كې» ناملىق رومانىنى بېيجىڭدا نەشر قىلدۇردى. بۇ روماندىكى جىڭ كې جۇڭگو تارىخىدىكى قەھرىمان بولۇپ، چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چىن شىخۇاڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە قاتنىشىپ، سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشماي، چىن شىخۇاڭ تەرىپىدىن جازالىنىپ، ئۆلتۈرۈلگەن. بەلكىم رومان مۇشۇ تارىخى ۋەقەگە بېغىشلانغان بولسا كېرەك.

مەنبە: تارىم ژۇرنىلى تور بېكىتى

# ئاتاغلىق يازغۇچى ئورخان پاموق

تۈرك يازغۇچى ئورخان پاموق 2006 ـ يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەڭ ياش يازغۇچىلاردىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كىتابلىرى 58 تىلغا تەرجىمە قىلىندى ۋە 100 گە يېقىن دۆلەتتە نەشر قىلىندى. ئۇ يازغۇچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولمىدى. 2005 ـ يىلى «Prospect» ژۇرنىلى تەرىپىدىن دۇنيانىڭ 100 زىيالىيسى قاتارىدا كۆرسىتىلدى، 2006 ـ يىلى بولسا«ۋاقىت» ژۇرنىلى تەرىپىدىن دۇنيا بويىچە ئەڭ مەشھۇر 100 كىشى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ئورخان پاموق 1952 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇن ئىستانبولدا زەردار بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى IBM زاۋۇتىنىڭ تۈركىيە شۆبىسىدە باش دىرېكتور بولغان گۈندۈز پاموق، ئانىسى 1700 ـ يىللاردا گىرىتكە ۋالىي بولغان ئىبراھىم پاشانىڭ نەسلىدىن بولغان شەكۈرە خانىمدۇر.

ئورخان پاموق «جەۋدەت ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى (1982)» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك ئۆي ۋە ئائىلىدە ئىستانبولنىڭ نىشانتاشى مەھەللىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى. كىچىكىدىن تارتىپلا رەسسام بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ روبېرت ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇدى. ئىستانبول پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقىنىدا مېمار ياكى رەسسام بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ مەكتەپنى تاشلىۋەتتى. داۋاملىق كېلىش شەرت بولمىغانلىقتىن يېزىقچىلىققا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالىشىم مۇمكىن، دەپ قاراپ ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنالىستلىق ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىردى ۋە شۇ ئىنستىتۇتنى پۈتتۈردى. ئورخان پاموق 1982 ـ يىلى ئايلىن تۈرەگەن خانىم بىلەن توي قىلىپ، 2001 ـ يىلى ئاجرىشىپ كەتتى.

ئۇ 1985، 1988 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئىئوۋا ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر قېتىملىق كۇرۇسقا قاتناشتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋە كەلگۈسىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان يازغۇچىلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ كۈندىلىك ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشى ۋە كىتابلىرىنى يازالايدىغان شەرت ـ شارائىتقا ئېرىشتۈرۈش بولۇپ، ئورخان پاموقنىڭ ئۆز تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، كۇرستىن كېيىن ئۇنىڭ «ھاياتىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى». تۇنجى كىتابىدىن ئېتىبارەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. كىتابلىرى ھەم كۆپ سېتىلدى ھەم ئەدەبىي جەھەتتىن ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئورخان پاموقنىڭ يازغۇچىلىق ھاياتى 1974 ـ يىلى باشلاندى. 1979 ـ يىلى تۇنجى رومانى بولغان «قاراڭغۇلۇق ۋە يورۇقلۇق» ناملىق رومانى بىلەن رومانچىلىق مۇسابىقىسىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتنى مەھمەت ئەرئوغلۇ بىلەن ئورتاقلاشتى. يەنە شۇ رومانى 1982 ـ يىلى «جەۋدەت ئەپەندى ۋە ئوغۇللىرى» تېمىسى ئاستىدا قايتىدىن نەشر قىلىندى، ھەمدە بۇ قېتىم 1983 ـ يىلى شۇ ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق «ئورخان كەمال رومان مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

ئورخان پاموقنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن يازغان كىتابلىرى ئۇدا نۇرغۇنلىغان مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتورنىڭ «تىنۋىشسىز ئۆي» ناملىق ئىككىنچى رومانى 1984 ـ يىلى «مادارالى رومان مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. بۇ رومانىنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى بولسا 1991 ـ يىلمۇكاپاتلاندى. 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئاق قەلئە» ناملىق رومانى 1990 ـ يىلى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىدامۇكاپاتقا ئېرىشتى ۋە تۈركىيە سىرتىدا ئاپتورنىڭ كەڭ تونۇلۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئورخان پاموق 2002 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «قار» ناملىق ئەسىرىنى تۈركىيەنىڭ ئىچكى ۋە سىياسىي مەسىلىلىرىگە قارىتىلغان «سىياسىي رومان» دەپ تەرىپلىمەكتە. ئاپتورنىڭ «قار» ناملىق ئەسىرى 2004 ـ يىلى ئامېرىكىدا «2004 ـ يىللىق ئەڭ ياخشى كىتابتىن بىرى» دەپ تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تۈركىيە سىرتىدا تېخىمۇ شۆھرەت قازىنىشقا باشلىدى. 1998 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل» ناملىق ئەسىرى 24 تىلغا تەرجىمە قىلىندى ۋە 2003 ـ يىلى ئىرلاندىيىنىڭ دۇنياغا داڭلىقمۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

رومانلىرىنىڭ سىرتىدا يازمىلىرىدىن ۋە دىئالوگلىرىدىن تاللانمىلار ۋە ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «باشقىچە رەڭلە (1999)» ۋە ئۆمەر قاۋۇر رېژىسسورلۇق قىلغان «سىرلىق يۈز» ناملىق فىلىمنىڭ سېنارىيىسى (1992)بار. بۇ سېنارىيە، يازارنىڭ 1990 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «قارا كىتاب» ناملىق رومانىدىكى بىر بۆلۈمگە ئاساسەن يېزىلغان.

ئورخان پاموقنىڭ يازغۇچىلىق كەسپى 2006 ـ يىلى 12 ـ ئۆكتەبىردە «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشىش بىلەن يۇقىرى پەللىگە يەتتى، ھەمدە «نوبېل مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن تۇنجى تۈرك گراژدانى سۈپىتىدە تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

مەنبە: تارىم ژۇرنىلى تور بېكىتى — «tarimweb. com»

# ئاه، مېنىڭ ساراڭ ئانام

ئاپتورى: شۇ ئېر
پەتتارجان مۇھەممەد ئەرقۇت تەرجىمىسى

(ھېكايە)

23 يىلنىڭ ئالدىدا يۈز - كۆزى قاسماقلاشقان ياش بىر قىز كەنتىمىزگە سەرگەردان بولۇپ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كىمنىلا كۆرسە ساراڭلارچە كۈلىدىكەن. شۇڭا كەنتتىكى خوتۇنلار ھەمىشە ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. بەزىلەر تېخى ئۇنى بىر نەچچىنى تېپىپ، بۇ يەردىن يوقال، دەپ تىللايدىكەن. بىراق، ئۇ كەتمەپتۇ، بۇرۇنقىدەك ساراڭلارچە كۈلۈپ، كەنت ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا مېنىڭ دادام 35ياشقا كىرگەنىكەن. ئۇ بۇرۇن تاشچىلىق مەيدانىدا ئىشلىگەن ۋاقتىتا سول قولىنى ماشىنا ئۈزۈۋەتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىمىز نامرات بولغاچقا ئۆيلىنەلمىگەن ئىكەن. مومام ھېلىقى قىزنى خېلى ئىسكەتى بار ئىكەن، دەپ ئويلاپ، جەمەتىمىزنىڭ ئۇرۇق - نەسەبىنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ قىزنى دادامغا ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەپتۇ. دادام ئانچە خالاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ، چىشىنى چىشلەپ ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام بىر تىيىن خەجلىمەي ئۆيلىنىۋاپتۇ.

ئانام مېنى تۇغقان ۋاقتىتا مومام مېنى قولىغا ئېلىپ، نەچچە تاللا چىشى قالغان ئاغزىنى ماكىلدىتىپ كۈلۈپ: «بۇ ساراڭ خوتۇن ماڭا بىر ئوغۇل نەۋرە تۇغۇپ بەردىغۇ»دەپ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ئىكەن. شۇغىنىسى، مومام تۇغۇلۇشۇم بىلەنلا مېنى ئېلىۋېلىپ، ئانامنى ماڭا يېقىن كەلتۈرمىگەن ئىكەن.

ئانامنىڭ مېنى بەكلا باغرىغا باسقۇسى بار ئىكەن، نۇرغۇن قېتىم موماغا يېلىنىپ: «ماڭا... ماڭا بېرىڭ... » دەپتىكەن، مومام پەرۋا قىلماپتۇ. ئۇ چاغدا مەن كىچىككىنە بىر پارچە گۆش تۇرسام، ناۋادا ئانام ئېھتىياتسىزلىقتىن مېنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ نېمىلا دېگەنبىلەن ئانام ساراڭ خوتۇن—دە. ھەر قېتىم ئانام مېنى كۆتۈرۈش تەلىپىنى قويغاندا، مومام ھامان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: «بالىنى ئالىمەن دەپ خام خىيال قىلما، ساڭا ھەرگىز بەرمەيمەن. ئەگەر ئوغرىلىقچە بالىنى كۆتۈرگىنىڭنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، سېنى بۇ يەردىن ھەيدىۋېتىمەن» دەپ ئاچچىقلايدىكەن. مومام بۇ گەپلەرنى بەكلا كەسكىن ئېيتىپتۇ. ئانام مومامنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنىپ ناھايىتى قورقۇپتۇ. ئۇ ھەردائىم ماڭا يىراقتىن قاراپ تۇرىدىكەن. گەرچە ئانامنىڭ كۆكسى ناھايىتى چىڭقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ سۈتىنى ئازراقمۇ ئېمەلمىگەن ئىكەنمەن. مېنى مومام بىر قوشۇق - بىر قوشۇقتىن تاماق يېگۈزۈپ چوڭ قىلغان ئىكەن. مومامنىڭ دېيىشىچە، ئانامنىڭ سۈتىدە «ساراڭلىق كېسىلى» بارمىش، ماڭا يۇقۇپ قالسا بولماسمىش.

شۇ چاغلاردا ئائىلىمىز يەنىلا نامراتلىق پاتقىقىدا تىركىشىۋاتقان ئىكەن. بولۇپمۇ، بۇ ئائىلىگە مەن بىلەن ئانام قېتىلغاندىن كېيىن، مومام ئانامنى ھەيدىۋېتىش قارارىغا كەپتۇ. چۈنكى ئانام ئۆيدە ئىش قىلماي «قاچا بىكارلاپ»لا قالماستىن، يەنە تېخى پات - پات ئىش تېرىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى مومام ئانامغا ئۆز قولى بىلەن لىق بىر قاچا ئاش ئۇسۇپ بېرىپ:

ـ كېلىنىم، ئائىلىمىز بەك نامرات، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. بۇ بىر قاچا ئاشنى يەپ بولغاندىن كېيىن باياشاتراق بىر ئائىلىگە بېرىپ جان بېقىڭ، قايتىپ كەلمەڭ، ـ دەپتۇ. ئانام ئەمدىلا بىر كاپام ئاشنى ئاغزىغا سالغانىكەن. ئۇ مومامنىڭ «مېھمانىنى ئۇزىتىش بۇيرۇقى»نى ئاڭلاپ ئاغزىدىكى ئاشنىمۇ يۇتۇۋېتەلمەپتۇ. ئۇ مومامنىڭ قۇچىقىدىكى ماڭا قاراپ

تازا ئېنىق بولمىغان تەلەپپۇزدا: «ياق، ئۇنداق قىلمىسىلا...» دەپ نالە قىپتۇ. مومام شۇ ھامان چىرايىنى تۈرۈپ، ئائىلە باشلىقلىرىغا خاس ھەيۋە بىلەن:

ـ ھۇ ساراڭ خوتۇن، نېمىگە جاھىللىق قىلىسەن—ھە؟ يەنە جاھىللىق قىلىدىغان بولساڭ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن. سەن ئەسلىدىنلا بىر كەلگۈندى ئىدىڭ، سېنى ئېپقېلىپ ئىككى يىل باقتىم، يەنە قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ تامىقىڭنى يەپ بولۇپ كەت، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دەپتۇ—دە، ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن بىر جوتۇنى ئېلىپ يەرگە قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ئانام قورقۇپ كېتىپ، مومامغا ئۆتۈنگەندەك قاراپتۇ ۋە ئارقىدىن ئالدىدىكى تاماق قاچىسىغا قارىۋاپتۇ، كۆز ياشلىرى ئاپئاق گۈرۈچ تامىقىغا تاراملاپ چۈشۈپتۇ. ئانام توساتتىن غەلىتە بىر ئىشنى قىپتۇ: ئۇ قاچىدىكى ئاشنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يەنە بىر بوش قاچىغا بۆلۈپ قويۇپ، مومامغا بىچارىلەرچە قاراپتۇ.

مومام داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ئەسلىدە ئانامنىڭ مومامدىن ھەر ۋاخ تاماقتا پەقەت يېرىم قاچىلا يەيمەن، مېنى قوغلىۋەتمىسىڭىز، دەپ ئۆتۈنگىنى ئىكەن. مومامنىڭ يۈرىكى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇمۇ ئايال—دە، ئۇ بايىقى قاتتىق-يۇمشاق ۋاستىلەرنى ئامالسىز ئىشلەتكەن ئىكەن. مومام كەينىگە ئۆرۈلۈۋېلىپ، كۆز يېشىنى مەجبۇرىي سىڭدۈرۈۋېتىپتۇ. ئارقىدىن يەنە قاپىقىنى تۈرۈپ:

ـ تامىقىڭنى تېز يە، يەپ بولغاندىن كېيىن بۇ يەردىن كەت! ـ دەپتۇ.

ئانام قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ، ھەتتا ئالدىدىكى يېرىم قاچا ئاشنىمۇ يېمەستىن، سەنتۈرۈلگىنىچە مېڭىپ ئىشىكتىن چىقىپتۇ. ئەمما ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋېلىپ خېلىغىچە كەتمەپتۇ. مومام يۈرىكىنى تاشتەك قاتتىق قىلىپ:

ـ كەت، كەتكىن، ئەمدى ئارقاڭغا قارىما، ـ دەپ ۋارقىراپتۇ.

لېكىن ئانام يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئىككى قولىنى مومامغا سۇنۇپتۇ. ئەسلىدە ئانامنىڭ مېنى باغرىغا بىر بېسىۋالغۇسى بار ئىكەن. مومام سەل ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا زاكىدىكى مېنى ئانامغا بېرىپتۇ. ئانام مېنى تۇنجى قېتىم قۇچىقىغا ئالغاچقا، خۇشاللىقتىن چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ. لېكىن مومام خۇددى چوڭ دۈشمەن ئالدىدا تۇرغاندەك، ئانامنىڭ ساراڭلىقى يەنە تۇتۇپ قالسا، مېنى ئەخلەتنى تاشلىغاندەك تاشلىۋېتىشىدىن قورقۇپ، ئىككى قولى بىلەن مېنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئانامنىڭ مېنى كۆتۈرگەن ۋاقتى ئۈچ مىنۇتقا يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مومام تىت-تىت بولۇپ مېنى تارتىۋېلىپ، دەرھال ئىشىكنى يېپىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

مەن ئانچە-مۇنچە ئىش ئۇققان چېغىمدا، مەندىن باشقا ھەممە بالىلارنىڭ ئانىسى بارلىقىنى بايقىدىم. مەن ئانامنى دادامدىن، مومامدىن سورىدىم، ئۇلار ماڭا: «سېنىڭ ئاناڭ ئۆلۈپ كەتكەن» دەپ جاۋاب بېرىشتى. لېكىن باشقا بالىلار ماڭا: «سېنىڭ ئاناڭ ساراڭ خوتۇن، ئۇنى موماڭ قوغلىۋەتكەن» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن مومامغا ئانامنى تېپىپ بەر، دەپ غەلۋە قىلدىم، يەنە ئۇنى «زالىم موما» دەپ تىللىدىم، ھەتتا ئۇ ماڭا سۇنغان تاماقنى يەرگە تۆكۈۋەتتىم. شۇ چاغلاردا مېنىڭ كاللامدا «ساراڭ» دەيدىغان ئۇقۇم بولمىغاچقا، ئۇنى بەكلا سېغىناتتىم. ئۇنىڭ چىرايى قانداقتۇ؟ ھازىر ھاياتمىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلايتتىم. ئويلىمىغان يەردىن، مەن ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە بەش يىل بولغان ئانام تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. شۇ كۈنى بىر نەچچە دوستۇم ئۆيگە يۈگۈرۈپ كېلىپ، ماڭا خەۋەر يەتكۈزدى:

ـ شياۋشۇ، چاققان بېرىپ قاراپ باق، ئاناڭ قايتىپ كەپتۇ، ساراڭ ئاناڭ قايتىپ كەپتۇ!

مەن خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتمىغان ھالدا سىرتقا قاراپ چاپتىم، ئارقامدىن دادام بىلەن مومامۇ ئەگەشتى. بۇ مېنىڭ ئېسىمنى بىلگەندىن بۇيان ئانامنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى جۇل-جۇل، چاچلىرى سالۋارىغان ئىدى. نەدىكى قۇرۇق چۆپ دۆۋىسىدە ئۇخلىدىكىن، چېچىغا چۆپ ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىشكە پېتىنالماي، كەنت خامىنىدىكى تاش تۇلۇقتا بىزنىڭ ئۆيگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا مەينەتلىشىپ كەتكەن شار بار ئىدى. مەن بىر توپ دوستلىرىم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان ۋاقىتتا، ئۇ ئارىمىزدىن ئوغلىنى ـ مېنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئانام ئاخىر ماڭا تىكىلدى، كۆزلىرى تېپىشلگۈدەك تىكىلدى—دە، ئاغزىنى قىيسايتىپ ئىسمىمنى چاقىردى:

ـ شياۋشۇ... شار... شار!

ئو ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىكى شارنى توختىماي پۇلاڭلاتقىنىچە، ياخشىچاقلىق بىلەن قولۇمغا تۇتقۇزماقچى بولدى، لېكىن مەن ھەدەپ ئارقامغا چېكىنىشكە باشلىدىم. مەن بەكلا ئۈمىدسىزلەنگەن ئىدىم. ئەجەبا كېچە—كۈندۈز دىدارىنى سېغىنغان ئانامنىڭ ھالى مۇشۇمىدۇ؟ بىر بالا بىر چەتتە تۇرۇپ:

ـ شياۋشۇ، ساراڭنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلگەنسەن؟ سېنىڭ ئاناڭ مۇشۇنداق، ـ دەپ ئوغامنى قايىنتىۋەتتى.

مەن ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن:

ـ ئۇ دېگەن سېنىڭ ئاناڭ! سېنىڭ ئاناڭ ساراڭ، سېنىڭ مۇشۇنداق! ـ دەپ ۋارقىرىدىم—دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا قاچتىم. بۇ ساراڭ خوتۇن ماڭا كېرەك ئەمەس! دادام بىلەن مومام مېنى ئۆيگە ئەپكىرىۋالدى. ئەينى يىلى مومام ئانامنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، قاتتىق ۋىجدان ئازابى تارتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆنسېرى قېرىپ كېتىۋاتقاچقا باغرى تاشلىق قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا مومام ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىپ قالدى. لېكىن مەن بۇنى خالىمايتتىم. چۈنكى ئانام مېنىڭ يۈزۈمنى بەكلا تۆككەنىدى.

مېنىڭ ئەزەلدىن ئانامغا چىراي ئېچىپ قاراپ باققىنىم، ئۆزۈم خالاپ گەپ قىلغىنىم، ئۇنى بىرەر قېتىم «ئانا» دەپ چاقىرىپ باققىنىم يوق. مەن ئانامغا ھە دېگەندىلا ۋارقىراپ گەپ قىلاتتىم. ئۇ ئەزەلدىن مەن بىلەن جاۋابلاشمايتتى.

ئانام ئۆيدە بىكار يەپ ياتسا بولمايتتى، شۇڭا مومام ئۇنىڭغا بەزى ئىشلارنى ئۆگىتىش قارارىغا كەلدى. ئېتىزغا چىققان ۋاقىتتا، مومام ئۇنىمۇ بىللە كۆزىنى پىشۇرۇشقا ئەپچىقاتتى، ئۇ سەللا گەپ ئاڭلىمىسا يەيدىغان تايىقى تەييار ئىدى.

خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، مومام ئانامنى خېلى ئىش ئۇقۇپ قالدى، دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆزى يالغۇز چوشقا ئوتى ئورۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئويلىمىغان يەردىن ئانام يېرىم سائەتتىلا ئىككى سېۋەت «چوشقا ئوتى» ئورۇپ كەپتۇ. مومام بۇنى كۆرۈپ ھەم جىددىيلىشىپ ھەم ئاچچىقلاپ كەتتى. ئانامنىڭ ئورۇپ كەلگىنى خەقنىڭ ئېتىزىدا تازا سۈتلىنىپ باشاق چىقىرىۋاتقان شال ئىدى. ئاچچىقتىن ئەرۋاھى ئۇچقان مومام ئۇنى «شال بىلەن چۆپنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ساراڭ خوتۇن... » دەپ تىللاپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى قانداق يىغىشتۇرۇشنى ئويلاۋاتقان چاغدا، شالنىڭ ئىگىسى يېتىپ كەلدى ۋە مومامنى «قەستەن شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتتىڭىز» دېدى. شۇ چاغدا مومامنىڭ ئاچچىقى شۇنداق كەلدىكى، قولىغا چىققان كالتەك بىلەن خەقنىڭ ئالدىدىلا ئانامنىڭ بېلىگە گۈرسۈلدىتىپ بىرنى سالدى:

ـ سەن ساراڭ خوتۇننى ئورۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام، ئەمدى ماڭا ئىش تېرىپ بەرگىنىڭنى بىر كۆرەي!

ئانام گەرچە ساراڭ بولسىمۇ يەنىلا ئاغرىغاننى بىلىدىكەن، ئۇ ئۇياققا ـ بۇياققا سەكرەپ ئۆزىنى مومامنىڭ كالتىكىدىن دالدىغا ئالغاچ توختىماستىن «ياق... ياق... » دەپ نالە قىلاتتى. ئاخىر ھېلىقى كىشى بۇ ئەھۋالغا چىداپ تۇرالمىدى بولغاي:

ـ بولدى، بولدى، بىزمۇ سۈرۈشتۈرمەيلى. كېيىن ئۇنىڭغا ئوبدانراق كۆز ـ قۇلاق بولارسىلەر...

ـ دەپ چىقىپ كەتتى. بۇ ماجرا بېسىلغاندىن كېيىنمۇ ئانام يەنىلا يەردە ئۆكسۈپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا كۆزگە ئىلمىغان ھالدا قاراپ:

ـ سەن چۆپ بىلەن شالنىمۇ ئايرىيالمايدىغان ھەقىقەتەن چوشقا ئىكەنسەن، ـ دېدىم. گېپىمنىڭ ئاخىرى چۈشمەستىنلا پاتىڭىمغا بىر شاپىلاق تەگدى. مومام مېنى ئۇرغانىدى.

ـ ھۇ سولتەك، نېمە دەۋاتىسەن—ھە؟ ھەر قانچە بولسىمۇ، ئۇ دېگەن سېنىڭ ئاناڭ جۇمۇ! ـ دېدى مومام ماڭا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

ـ مېنىڭ بۇنداق ساراڭ ئانام يوق! ـ دېدىم مەن پەرۋامۇ قىلمىغان ھالدا ئاغزىمنى پۈرۈشتۈرۈپ.

ـ ھە! سەن بارغانچە ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىۋاتىسەنغۇ، ئەدىبىڭنى بەرمىسەم قارا! ـ مومام شۇنداق دەپ قولىنى يەنە كۆتۈرۈۋىدى، ئانام ئولتۇرغان ئورنىدىن پۇرژىنىدەك سەكرەپ تۇردى—دە، مومام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بېشىنى كۆرسىتىپ: «مېنى ئۇرۇڭ، مېنى ئۇرۇڭ»دەپ تۇۋلاپ كەتتى.

مەن بىلدىم، ئانام مېنىڭ ئورنۇمدا تاياق يېيىشكە رازى بولۇۋاتقانىدى. مومامنىڭ ھاۋاغا يېرىم كۆتۈرۈلگەن قولى شاپپىدە توختىدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە «بۇ ساراڭ خوتۇنمۇ بالىسىغا كۆيۈنۈشنى بىلىدىكەن!» دەپ پىچىرلىدى.

مەن مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، دادامنى قوشنا كەنتتىكى بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى بېلىق كۆلچىكىگە قاراپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ ئەكەتتى. دادام بۇ ئىشتىن ئېيىغا 50 يۈەن كىرىم قىلاتتى. ئانام يەنىلا مومامنىڭ يېتەكلىشىدە سىرتقا ئىشلىگىلى چىقاتتى، ئۇ ئاساسلىقى چوشقا ئوتى ئورۇيتتى. لېكىن ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا ئىش چىقىرىپ باقمىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بىر قىش كۈنى توساتتىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. مومام ئانامنى ماڭا كۈنلۈك ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ يول بويى بىر نەچچە قېتىم يىقىلغان بولسا كېرەك، كىيىملىرى پاتقاققا مىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ سىنىپىمىزنىڭ دېرىزىسى

يېنىدا: «شىياۋشۇ... كۆنلۈك... » دەپ هاماقەتلەرچە كۈلۈپ تۇراتتى. بىر نەچچە ساۋاقداشىم مازاق قىلىپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇلارغا باش بولغىنى شىياۋفەن بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ ئەدەپ ئانامنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ دورىغىلى تۇرغاندا، ئالدىمدا تۇرغان قەلەم قاپچۇقىنى ئېلىپلا ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتىم. ئۇ ئالدىمغا ئېتىلىپ كېلىپ گېلىمنى بوغدى، ئىككىمىز تۇتىشىپ كەتتۇق. مېنىڭ بويۇم پاكار بولغاچقا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتىم. شۇڭا ئۇ مېنى ئاسانلا ئاستىغا بېسىۋالدى. بۇ چاغدا سىنىپنىڭ سىرتىدىن «هاي-هاي» قىلىپ نەرە تارتقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئانام خۇددى ئايال پالۋاندەك ئېتىلىپ كىردى ۋە شىياۋفەننىڭ ياقىسىدىن ئېلىپلا سىرتقا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. «ساراڭنىڭ كۈچى زور» دېگەن گەپ يالغان ئەمەسكەن جۇمۇ. ئۇ شىياۋفەننى ئىككى قولى بىلەن بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋالدى. شىياۋفەن بولسا قورققىنىدىن «ۋاي ئانا، ۋاي دادا» دەپ يىغلايتتى، سېمىز كەلگەن پۇتلىرى بوشلۇقتا قالايمىقان تېپىرلايتتى. ئانام ئۇنىڭ يىغا-پەريادىغا پىسەنت قىلماستىن، ئۇنى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى سۇ كۆلچىكىگە تاشلىۋېتىپ گەپ قىلماي كېتىپ قالدى.

ئانام مېنى دەپ چوڭ بالا تېرىغاندى، لېكىن ئۆزى هېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرەتتى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا بۇرۇنقى تارتىنچاق هالىتىگە قايتىپ، ماڭا ياخشىچاقلىق بىلەن قارايتتى. مەن بۇنىڭ ئانا مېھرى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. گەرچە ئۇنىڭ روهىي هالىتى بىنورمال بولسىمۇ، ئەمما ئانىلىق مېھرى ساپ ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئوغلىنى باشقىلار بوزەك قىلىغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى باسالمىغان هالدا: «ئانا!» دەپ توۋلىدىم. بۇ مېنىڭ تىلىم چىققاندىن بۇيان ئۇنى تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق چاقىرىشىم ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنى سىلكىنىپ، ماڭا ئۇزاققىچە قاراپ كەتتى، ئارقىدىن خۇددى كىچىك بالىدەك ئۇيالغىنىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ جىلمايدى ۋەگومۇشلارچە كۈلۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئانا ـ بالا ئىككىمىز تۇنجى قېتىم بىر كۈنلۈكنى تەڭ تۇتۇپ ئۆيگە قايتتۇق. مەن بۇ ئىشنى مومامغا دەپ بېرىۋېدىم، ئۇ قورققىنىدىن ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، ئارقىدىنئالدىراش ـ تېنەشبىرىنى دادامنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. دادام ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىغا، قوللىرىغا كالتەك، پىچاق كۆتۈرگەن بىر توپ بەردەس ئەر كىشى باستۇرۇپ كىردى ۋە ئاق-قارىنى ئايرىماستىنلا قازان ـ قومۇچلارنى ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. بۇ فەن ئائىلىسى چاقىرىپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى. شىياۋفەننىڭ دادىسى زەهەرخەندىلىك بىلەن دادامنىڭ بۇرنىغا نوقۇپ تۇرۇپ:

ـ بالام قورقۇپ كېتىپ هازىرغىچە ئېسىنى بىلمەي دوختۇرخانىدا ياتىدۇ. ئەگەر سىلەر 1000يۈەن داۋالاش خىراجىتىنى چىقارمايدىغان بولساڭلار، ئۆيۈڭلەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن! ـ دېدى.

1000يۈەن! دادام هەر ئايدا ئاران 50يۈەن تاپىدىغان تۇرسا! ئۇلارنىڭ ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان ئەلپازىنى كۆرگەن دادامنىڭ كۆزلىرىگە ئاستا ـ ئاستا قىزىللىق تىقىلدى ۋە ناهايىتى قورقۇنچلۇق نەزەردە ئانامغا تىكىلىپ قارىدى-دە، بېلىدىكى كەمىرىنى شارتتىدە يېشىۋېلىپ، ئانامنىڭ باش-كۆزىگە ئايىماي ساۋىغىلى تۇردى. ئانام خۇددى جېنىنى ئېلىپ قېچىۋاتقان چاشقاندەك سەكرەيتتى، قاچاتتى. ئۇنىڭ چىرقىرىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازى بىلەن كەمەر ئۇنىڭ بەدىنىگە تەگكەندىكى ئاۋازنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. ئاخىرىدا ساقچىخانىنىڭ باشلىقى يېتىپ كېلىپ، دادامنىڭ بۇ زوراۋانلىقىنى توسۇپ قالدى. ساقچىخانا مۇرەسسە قىلىپ، «ئىككىلا تەرەپكە زىيان بولغان، هېچكىم هېچكىمگە قەرز ئەمەس، كىم يەنە جېدەل چىقارسا، شۇنى تۇتىمىز!» دەپ جېدەلنى بېسىقتۇردى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، دادام بىردە ئۆيگە بىر كەلگەن قازان ـ قومۇچ سۇنۇقلىرىغا، بىردە يۈز ـ كۆزى يارىغا تولغان ئانامغا قاراپ، بىردىنلا ئانامنى قۇچىقىغا ئېلىپ هۆركىرەپ يىغلىۋەتتى:

ـ ساراڭ خوتۇن، سېنى مەن خالاپ ئۇرمىدىم، سېنى ئۇرمىسام بۇ ئىش بىر ياقلىق بولمايدۇ، بىزنىڭ خەققە تۆلىگۈدەك پۇلىمىز يوق ئەمەسمۇ! ـ دادام يەنە ماڭا قاراپ، ـ شۇ ئېرىر، سەن جەزمەن يارامىلىق ئادەم بول، بولمىسا بىز بىر ئۆمۈر خەققە بوزەك بولۇپ ئۆتىمىز! ـ دېدى. مەن دادامنىڭ گېپىگە بېشىمنى لىڭشىتتىم.

2000 ـ يىلى يازدا مەن ئەلا نەتىجە بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىهان بېرىپ ئۆتتۈم. هاردۇق يېتىپ كېسەل چىرمىغان مومامنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئائىلىمىزنىڭ ئەهۋالى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئائىلىمىزگە پەۋقۇلاددە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر قاتارىدا هەر ئايدا40يۈەن ياردەم پۇلى بېرىشى ۋە مەن ئوقۇۋاتقان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلۇمنى مۇۋاپىق كېمەيتىپ بېرىشى بىلەنلا مەن ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتىم.

مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيدىغان هەم ئۆگىنىش ناهايىتى جىددىي بولغاچقا ئۆيگە ناهايىتى ئاز

قايتاتتىم. دادام يەنىلا 50يۈەن ئۈچۈن مەدىكارلىق قىلىۋاتقان بولغاچقا، ماڭا چىلىغان كۆكتات ئەكىلىپ بېرىش ۋەزىپىسى تەبىئىي ھالدا ئانامنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. ھەر قېتىمدا قوشنا ئولتۇرىدىغان ھامىمام چىلىغان كۆكتاتنى قورۇپ تەييار قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئانامنى ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتەتتى. ئانامنىڭ 20كىلومېتىرلىق ئۈچەيدەك تاغ يولىنى مەھكەم ئېسىدە تۇتۇۋالغىنىنى بىر مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. ئىشقىلىپ مەن ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش بولسىلا، ئانام ھېچقاچان ساراڭلىق قىلمايتتى. بۇ خىل ھادىسىنى ئانىلىق مېھىر دېيىشتىن باشقا، مېدىتسىنادا يەنە قانداق چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم.

2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى ئانام كەلدى. بۇ قېتىم ئانام ماڭا چىلىغان كۆكتاتتىن باشقا يەنە ئون نەچچە دانە ياۋا شاپتۇلمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى. مەن شاپتۇلنى بىر چىشلەم چىشلەپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئانامدىن:

ـ بەك تاتلىقكەن، نەدىن ئالدىڭىز؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ مەن... ئۆزۈم تەرگەن... ـ دېدى ئانام. ئانامنىڭ تېخى ياۋا شاپتۇل تېرىشنى بىلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن. مەن ئۇنى چىن كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ ماختىدىم:

ـ ئانا، سىزنىڭ قولىڭىزدىن بارغانچە ئىش كېلىدىغان بوپتۇ.

ئانام ھى ـ ھىلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئانام ماڭىدىغان چاغدا، مەن بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭغا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشنى تاپىلىدىم. ئانام «ئى... ئى» دېگىنىچە ماقۇل بولدى. مەن ئانامنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تەكرارغا يەنە كىرىشىپ كەتتىم. ئەتىسى سىنىپتا دەرس ئاڭلاۋاتسام، ھامىمام ئالدىراپ ـ تېنەپ مەكتەپكە كەلدى ۋە مەندىن ئانامنىڭ ماڭا چىلىغان كۆكتات ئەكەلگەن ـ ئەكەلمىگەنلىكىنى سورىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئانام تېخىچە ئۆيگە قايتىپ بارماپتۇ. شۇئان يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى. ئانام يولدىن ئېزىپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟

ـ ئاناڭ ساڭا ھېچنېمە دېمىگەنمىدى؟ ـ سورىدى ھامىمام. مەن ئۇنىڭ باشقا گەپ قىلمىغانلىقىنى، تېخى ماڭا ئون نەچچە تال ياۋا شاپتۇل ئالغاچ كەلگەنلىكىنى دەپ بەردىم. ھامىمام شۇ ھامان ئىككى قولىنى بىربىرىگە ئۇرۇپ:

ـ ئاپلا، ئاپلا، چاتاق دەل شۇ ياۋا شاپتۇلدىن چىققاندەك قىلىدۇ، ـ دېدى.

ھامىمام مېنىڭ ئورنۇمدا رۇخسەت سورىدى. بىز تاغ يولىنى بويلاپ ئىزدەشكە باشلىدۇق. يول ئۈستىدە ھەقىقەتەن بىر نەچچە تۈپ ياۋا شاپتۇل دەرىخى بولۇپ، دەرەخ شاخلىرىدا ئاندا ـ ساندا ياۋا شاپتۇللار ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇلارمۇ شاپتۇل دەرىخى تىك ياردا ئۆسكەنلىكى ئۈچۈنلا ساقلىنىپ قالغانىدى. بىز بىر شاپتۇل شېخىنىڭ سۇنۇپ كەتكەن ئىزىنى بايقىدۇق، دەرەخنىڭ ئاستى يۈز غۇلاچتىن ئاشىدىغان ھاڭ ئىدى.

ـ بىز ئاستىغا چۈشۈپ قاراپ باقايلى! ـ دېدى ھامىمام ماڭا قاراپ.

ـ مېنى قورقۇتماڭ، ھامما... ـ دېدىم مەن. ھامىمام مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ جىلغا ئىچىگە قاراپ ماڭدى...

ئانام جىلغا ئاستىدا جىمجىت ياتاتتى، ئەتراپىدا بىر نەچچە تال شاپتۇل چېچىلىپ تۇراتتى، قولىدا تېخى بىر شاپتۇلنى مەھكەم سىقىمدىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قانلار ئاللىقاچان ئۇيۇپ قاپقارا رەڭگە كىرىپ قالغانىدى. ئازابتىن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، ئانامنى مەھكەم قۇچاقلىدىم:

ـ ئانا، مېنىڭ شور پېشانە ئانام. مەن ھېلىقى شاپتۇلنى تاتلىقكەن دېمىسەم بوپتىكەن، سېنىڭ جېنىڭغا مەن زامىن بولدۇمغۇ ئانا...

مەن بېشىمنى ئانامنىڭ مۇزلىغان يۈزىگە يېقىپ، تاغۇ تاشلارمۇ لەرزىگە كەلگۈدەك ئېچىنىشلىق يىغلاشقا باشلىدىم...

2003 ـ يىلى 7 ـ ئاۋغۇست، ئانام يەرلىككە قويۇلغان 100 ـ كۈنى ئىدى. ئالىي مەكتەپنىڭ ئالتۇن يالتىلىغان چاقىرىق قەغىزى ئانام ماڭغان تاغ يوللىرىنى بېسىپ، ھېلىقى نەچچە تۈپ ياۋا شاپتۇل دەرىخىدىنمۇ ئۆتۈپ، كەنتىمىزنىڭ ئالدىدىكى خامانىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل ئۆيىمىزگە «ئۇچۇپ» كىردى. مەن بۇ كېچىكىپ كەلگەن چاقىرىق قەغىزىنى ئانامنىڭ غېرىبانە تۇپراق بېشىغا قويدۇم:

ـ ئانا، ئوغلىڭىز يارامىلىق ئادەم بولدى، ئاڭلاۋاتامسىز؟ سىز ئۇ ئالەمدە خاتىرجەم ياتقايسىز!

**مەنبە: «تارىم» 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان**

**(خەنزۇچە «شىنخۇا تەرمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 22 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)**



# سەھرادىكى توي

ئالىمجان توختى (2009)

(ھېكايە)

يىگىرمىچە ئېسىل ماشىنا يېزىنىڭ توپا يولىدا قاتار تىزىلىپ تۇراتتى، خۇددى كۆكتە تىزىلغان تۇرنا توپىدەك. يىگىت تەرەپنىڭ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا سىلەر تەرەپنىڭ ئادەملىرى ماشىنىلاردىن چۈشۈپ نەق بولۇشقان ئىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى سىلەردە، يېنىڭىدىكى قۇتلۇق تويى بولغان دوستۇڭدا ئىدى.

ساھىبخانا تەرەپنىڭ تەكلىپىدىن كېيىن چوڭلار «ھە، قېنى، ئۆزلىرى... » دېگەندەك تەكەللۇپلار بىلەن ئۆيگە قەدەم ئالدى، خۇددى مېھماندارچىلىقتا كەلگىنىنى ئۇنتۇپ بىر ـ بىرىنى مېھمان قىلىشىۋاتقاندەك. ياشلار كەينىگىرەك رەت بىلەن تىزىلىۋاتاتتى، خۇددى ئىش ئۆگىنىۋاتقان قۇش باللىرىدەك. ساھىبخانا تەرەپتىن چىققانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىۋاتقاچ، دوستۇڭنىڭ ئېغىزىنى تاتلىدىڭ:

ـ يۈسۈپجان، قېيىنئاتاڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان چاغدا كۆزىگە قاراپ قالما جۇما، قورقۇپ كېتىپ مۆكىدىغان يەر ئىزدەپ يۈرمە يانا.

- ھا... ھا... ئاخىرى شۇ ئالتۇن قىزنىڭ غوجىسى بولدۇمغۇ مانا دەپ گەدىيىپ بىر تۇرىۋىلارمىنا، ئاداش.

سىلەر كەڭ ھويلا سۇپىسىنىڭ تۆرىگە باشلاندىڭلار، ئاستىڭلارغا قاتلانغان كۆرپىدە ئايرىم جاي راسلاندى، خۇددى پادىشاھقا جاي راسلانغاندەك.

ئۆي ئىچى خېلى كەڭرى بولسىمۇ، لېكىن مېھمانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ھويلىدىن ئۆيگە داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر، نېرىقى ئۆيدىن چىنە - تەخسىلەرنى ئالدىراش كۆتۈرۈپ باغ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار، ئۇياق - بۇياققا ئۆزىچىلا مېڭىپ يۈرگەن كىچىك باللار ھويلىنى بىر ئالغان ئىدى. ئۇنى قوي، بۇنى ئال... دېگەندەك ئاۋازلار ئۈزۈلمەيتى. سەن پەرۋاسىز ھالدا ئۇيان - بۇيانغا بويۇنداپ قاراپ قوياتتىڭ، خۇددى بىرنى ئىزدەشتۈرىۋاتقاندەك. تېخى قايسى كۈنى دوستۇڭ ھاجىنىڭ تويىغا قولداش بولغان ئەبەيدۇللانىڭ قىز قولداش گۈل تاقىغان چاغدىكى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىرىنى زاڭلىق قىلىپ تازا كۈلگەنلىرىڭ ئېسىڭگە كەلدى. ئەمدىلىكتە بۈگۈن... باش - ئۇچسىز خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ بىر چاغدا قارشىڭدىكى ساڭا قاراپ تۇرغان ئەبەيدۇللاغا كۆزۈڭ چۈشتى. ئۇ سېنىڭ خىيالىڭنى بىلىۋالغاندەك ھەييار كۆزلىرى ئوينۇتۇپ ساڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ناھايىتى تەمكىن ھالدا ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك كۆزۈڭنى قىسىپ، دولاڭنى چىقىرىپ قويدۇڭ.

يەنىلا ئازراق جىددىيلىشىۋاتاتتىڭ. لېكىن بۇنى جىددىيلىشىش دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتى. جىددىيلىشىشتىن كۆرە قىز قولداشنىڭ، ساڭا گۈل تاقايدىغان قىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە بەكرەك قىزىقىۋاتاتتىڭ.

داستىخان مېۋە - چېۋە، نان، چايلار بىلەن تولدى، تاماق تارتىلدى. پولۇغا ئىشتىھايىڭ بولمىسىمۇ ئۆزۈڭنى تەمكىن كۆرسىتىش ئۈچۈن كاپاملاپ - كاپاملاپ پولۇغا ئېغىز تەگدىڭ. داستىخان ئۈستىدە بولىدىغان ناۋات چاي ئىچۈرۈش، يىگىت ئېشى يىگۈزۈشتەك قائىدە - يوسۇن، رەسمىيەتلەرنى قىلىۋېتىپ بىر چاغ «كەلدى، كەلدى، ئەنە... ۋوي سىڭلىسىكەنغۇ....» دېگەندەك ئاۋازلار بىلەن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، ھەممىسى بويۇندىشىپ قاراۋاتقان تەرەپكە كۆزۈڭنى يۈگۈرتتۈڭ. گۈل، دوپپىلار سېلىنغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ئىككى قىز قولداش كېلىۋاتاتتى. قىزلار داستىخان قاتلىۋېتىلگەن يەر بىلەن كېلىپ سىلەرگە يۈزلىنىپ تۇردى، سىلەرمۇ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ ئۆرە بولدۇڭلار. يان تەرىپىڭدە ئولتۇرغان نامەت تىزىڭغا مۇشتلاپ، قولۇڭدىن تارتىپ خىرىلداپ كۈلۈۋاتاتتى. سېنىڭ كۆزۈڭنىڭ ئۇچىدا ھومىيىشلىرىڭمۇ ھېچ كارغا كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ تېخىمۇ قاتتىق تارتىۋاتاتتى، باشقا ياشلارمۇ سىلەرگە قاراپ كۈلۈشكەندەك بولدى. پەتنۇس كۆتۈرۈپ كەلگەن قىز پەتنۇسنى يەنە بىر قىزغا تۇتقۇزۇپ گۈلنى قولىغا ئالدى:

قىز گۈلنى تاقىغۇچە ئۆزۈڭمۇ سەزمەي قىزغا قاراپ تۇرۇپ قالدىڭ. قوشۇما قاشلار، تال - تال كىرپىكلەر ئارىسىدا تىپىرلاۋاتقان بىر جۈپ قارا كۆز قىزنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىۋاتاتتى. قىز تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن گۈلنى قادىيالمايۋاتاتتى.

- ئاياققا قارىساڭچۇ ھەي، قاراڭلا بۇنىڭغا...

نامەتنىڭ ئاۋازى بىلەن كۈلكە كۆتۈرۈلدى، قىزمۇ، سەنمۇ بوينۇڭلارغىچە قىزىرىپ كەتتىڭلار.

ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلگەن ئىدى، سەن يەنىلا كۆزۈڭنى ئۈزمەي قىزغا تىكىلىپ قالغان ئىدىڭ، قىز گۈل تاقاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. يۈسۈپ مەيدە يانچۇقى يوق كۆينىكىڭگە گۈل قادىيالماي قوللىرى كالۋالىشىپ قالغان قىزغا قاراپ خىرىلداپ كۈلۈۋاتاتتى.

- يىگىتنى سانجىۋەتمە يانا، ما ئاۋاق مايمۇنمىغا.

قىزنىڭ ساڭا بىر قېتىممۇ قاراپ قويمىغىنىغا ئاچچىقىڭ كېلىپ يۈسۈپنىڭ گېپىدىن كېيىنلا يالغاندىن ۋارقىرىدىڭ:

- ۋايجان!... ۋاي، بوشراق....

سورۇندىن تېخىمۇ چىڭراق كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ۋارقىرىشىڭ بىلەن قىز قولىنى تېزلا ئېلىپ قاچتى، خۇددى كۆيگەن قولىنى ئوتتىن نېرى قىلغاندەك. ساڭا دومسىيىپ قارىدى، خۇددى ئانىسىنىڭ تەنبىھىدىن رەنجىگەن قەغىش بالىدەك. يەنە ئۈندىمەستىن بېشىنى لىڭشىتقىنىچە گۈلنى قايتىدىن تاقىدى، قەغىش بالا «ئاچچىقى»دىن يانغاندەك. قىزلار دوپپىنى كىيدۈرۈپ بولۇپلا كۆزدىن غايىپ بولدى، خۇددى شاپىدە كېلىپ چاچلىرىڭنى يەلپۈتۈپ يەنە يىراقلارغا قاچقان شامالدەك.

كېيىنكى رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ ھويلىدىن چىققۇچە تۇرسۇن سېنى نوقۇپ، قۇلىقىڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ھىجاراپ بوش پىچىرلىدى:

- ھېلى بېرىپلا قولداشلار ئۇسۇل ئوينايمىز، ئا سىڭلىسى ماڭا قالسۇن جۇما!

ـ قايسىسى ئۇ سىڭلىسى دېگىنىڭ!
ـ گۈل تاقىغىنىچۇ.
ـ ھەي، قېرى بوزۇق، خوتۇن ئېلىپ بولغان ئادەمنى قولدىن قىلىپ، دەپ باشقىلار خاپا بولىۋاتىدۇ، يەنە تېخى مەندىن قىز تالىشىسىنا، ماڭ نېرى!

كوسۇرلاشلىرىڭلارنى يانىدا ئاڭلاپ تۇرغان يۈسۈپ گەپ قىستۇرد

ـ ھەي ئىككى بوزۇق، ما ئىككىڭ خىزمەتنى ياخشى قىلىش دەيمەن، خوتۇن قىزلارغا كۆزۈڭنى سېلىشماي!

ـ ئاداش مەن ئەمەس، ماۋۇ سابىق يىگىت! قېرىغاندا يەنە شوخلۇق قىلغۇسى كېلىپ قاپتۇ بۇنىڭ.

ناغرا ـ سۇنايىنى ياڭرىتىپ، بار دەبدەبىنى قىلىپ كېلىننى يۆتكەپ كەلدىڭلار، خۇددى غالىب قوشۇن غەنىيمەتلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ زېمىنغا جار سالغاندەك.

بار شوخلۇقۇڭنى چىقىرىپ، ئۈسسۇل دىگەننى ئويناپ ھېلىقى قىزنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشنى پىلانلىغان ئىدىڭ، خۇددى بۇلبۇل مۇڭ غەزىلى بىلەن گۈلنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماقچى بولغاندەك. قېرىشقاندەك ئۈسسۇل ئوينىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئاخىرى تۇرسۇننى تېپىپ چاقچاق قىلغان كىشى بولۇپ سورىدىڭ:

ـ ئۈسسۇل ئوينىمايمەنەي، لەپەر ئوينايمەن دەۋاتاتتىڭ، ھېچ ئۇنداق ئىش يوقتەككۇ؟
ـ ھا... ھا... تازا بىر ئوينۇغۇڭ كەپتىكەندە نۇرىمان بىلەن، بىچارە ؟
ـ نۇرىمان؟
ـ سىڭلىسىچۇ كېلىنچەكنىڭ!
ـ ھە، ۋاي ماڭغىناھوي، مۇنداقلا دەپ قويدۇم، بىلىسەنغۇ ئۈسسۇلغا قول كۆتۈرۈش بىلەن ئانچە خوشۇم يوق.
ـ خوشۇم يوق دە تېخى؟ ھا... ھا... ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئىچىم ئاغرىيدۇ، ھېلىقى «گۇمباڭ ـ گۇپ»نى چالمايدىغان بوپتۇ. شۇڭا قول كۆتۈرۈپ قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەپمۇ يۈرمە. ھە راست، بىر يەرگە قاچماي تۇر جۇمۇ، سېنى چالىدۇ، دەپ باللار ئېسىل تەمبۇردىن بىرنى نەق قىلىپ قويۇپتۇ، كەچتە بىگىسىڭنى كۆرىمىز.

مېھمانلارنى ئۇزۇتۇپ قاراڭغۇ چۈشكەندە غېجەك، داپ، دۇتتار چالىدىغان ئاكىلار بىلەن ھويلىنىڭ سۆپىسىدا شوخ ناخشاڭلارنى باشلىۋەتتىڭلار، خۇددى باھار بەزمىسىدىكى غەزەلكەش قۇشلاردەك.

بىردەمدىلا يەنە بىر مۇنچە كىشى سىلەرنى ئورىۋالدى، خۇددى كۈي ئاشىقى گۈللەردەك.

ئۈسسۇلچىلار ھەييار قىلىقلىرى، شوخ ھەركىتى بىلەن مەيدانغا گۈل كەلتۈرۈپ پىرقىرايتتى، خۇددى مەيىن شامالغا جۆر بولۇۋاتقان كەپكۈز غازىڭىدەك. سەن دۇتتار چېلىپ، تازا قايناپ ناخشا ئوقۇۋاتاتتىڭ، خۇددى ئىچىڭنى ناخشاڭ بىلەن ئاللىكىملەرگە ئۆرۈپ بەرمەكچىدەك. تۇيۇقسىز نېرىقى سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ ساڭا قاراپ تۇرغان ھېلىقى قىزغا كۆزۈڭ چۈشتى، ئۇياق ـ بۇياققا تەلمۈرگەن كۆزۈڭ ئاخىرى ئىزلىگىنىنى تاپقاندەك ئىدى، كۆزلىرىڭ شادلاندى، خۇددى بىباھا ئالتۇننى قايتا تېپىۋالغان كىشىدەك، ئېچىرقىغان يولۇچى ئېسىل شەربەت ئۇتلىغاندەك. قىز كۆزىنى دەررۇ نېرىسىغا ئېلىپ قاچتى، خۇددى ئۈركىگەن كېيىك بالىسىدەك. كۆزلىرىڭلار يەنە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇچرىشىپ قالاتتى، خۇددى چاقماقلار ئۇرۇلغاندەك؛ شۇ ئۇچرىشىشتىن ۋۇجۇدۇڭ لاپپىدە قىلىپ يورىغاندەك بولاتتى، خۇددى چاقماق چېقىپ زېمىننى لاپپىدە يورۇتۇپ ئۆتكەندەك. ئۇنىڭ ئۈسسۇلچىلارغا تىكىلگەن كۆزىنىڭ سەن تەرەپكە ئېغىپ تۇرغانلىقىنى پەملەيتىڭ، ئويلىرىڭدىن ھوزۇرلىناتتىڭ، خۇددى بولۇڭدا يېتىپ قالغان مەست تاتلىق خىياللىرىدا ئەللەيلەنگەندەك.

خېلىدىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە، كېلىنچەكنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى، خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئىشىك تەرەپكە، ھېلىقى ئورنىغا كۆزلىرىڭنى كۆزەتچىلىككە قويدۇڭ. ئۈسسۇل پەدىسىدىن توختاپ ئۆزۈڭ ئاھاڭ سالغان ناخشاڭنى تەمبۇر بىلەن ئېزىپ ئوقۇۋاتقان چاغدىلا ئۇنىڭ سىماسى قايتا كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولدى.

①كىرپىگىڭ ئوق، بىر جۈپ قېشىڭ كاماندۇر،
يارىدارىڭ رەڭگى ـ رويى ساماندۇر،
سەۋەب قىلغىن ئاشىق ھالى ياماندۇر،
كىم يولىغا ھەر كۈنى بىدارۇ سەن؟!

ھارغان ئۈسسۇلچىلار، يەنە ئەللىك ـ ئاتمىشچە ياش سۇپىنى چۆرىدىشىپ، ناخشاڭغا جۆر بولۇپ ئولتۇراتتى. ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرغان قىز ۋە بىر قانچە دوستى ئۆزۈم تالىرىنىڭ يوچۇقىدىن يىراقلاردا غۇۋا چاقناپ يۇلتۇزلارغا قاراپ قېتىپ قالغان ئىدى، نېمە ئۈچۈن بىر مۇنچە ناخشىنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭ ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان بۇ ناخشىنى تاللاپ ئوقۇۋاتقىنىڭنى

بىلمەيتتىك، خۇددى مەست كىشى نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمىگەندەك. تەمبۇرۇك خۇددى يۈرۈكۈگەدەك ھېسسىياتلىق، خىياللىرىگەدەك دولقۇنلۇق ھالدا زارلىنىۋاتاتتى.

باشلاپ كىرگەن مېنى ئىشق يولىغا،
ئايلاندۇرغان مۇھەببەتنىڭ قۇلىغا،
تەشنا قىلغان ۋىسالىڭنىڭ نۇرىغا،
ئۇسسۇزلۇقۇم قاندۇرار ئانارمۇ سەن؟!

مەيىن شامال ئۈزۈم يوپۇرماقلىرىنى لەرزان ئۇسسۇلغا سېلىپ ھەممىگلارنىڭ خىياللىرىگلارنى يەنە ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كېتەتتى.

ئاۋازىڭنىڭ بۇنچە ھېسسىياتلىق ئىكەنلىكىنى سەنمۇ ئەمدى ھېس قىلىۋاتقاندەك ئىدىڭ، تەمبۇرۇڭنىڭ ئاۋازى ناخشاڭغا جۆر بولۇپ بەزىدە تىترەپ زارلانسا، بەزىدە سېنى بەزلەپ بوش ئاۋازدا پىچىرلايتى، بۇ چاغ سېنىڭ تىنىق ئېلىشلىرىڭغىچە ئېنىق ئاڭلىناتتى، سەن كۆزلىرىڭنى بوش يۇمۇپ خۇددى تەمبۇر بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتمەكچىدەك بارغانچە بېشىڭنى تەمبۇرغا يېقىپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تولغىناتتىڭ.

سازلىنىدۇ ئەگەر كەلسەڭ سازلىرىم،
پۈتۈپ قالار كەملىرىم ھەم ئازلىرىم،
كەلمىسەڭ قار ئاستىدىدۇر يازلىرىم،
باغرىڭ گۈلگە تولغان نەۋ باھارمۇ سەن؟!

شامال ئاۋازىڭنى يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇردى، خۇددى بارچە كىشىنى ھويلىدىكىلەردەك قىسقىغىنە خىياللارغا چۆمدۈرۈپ، ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرماقچى بولغاندەك. تەمبۇرۇڭنى يەنە بىر ھازا ھال ـ مۇڭ تۆككۈزگەندىن كېيىن توختۇدۇڭ. قىسقىغىنا جىمجىتلىقتىن كېيىن چاۋاكلار ئۇرۇلدى، شۇ چاغ نېمىندۇر ئېسىڭگە ئالغاندەك بولۇپ ئىشىك تەرەپكە قارىدىڭ. لېكىن، ئۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ناخشاڭ تۈگىگەن شۇ قىسقىغىنە جىمجىتلىقتا غىپپىلا قىلىپ ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىنى، ئۆزىنى نېمىشقىدۇر سەندىن قاچۇرغىسى كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيتتىڭ. ناخشىنىڭ تەسىرىدىن نۇرلانغان كۆزلىرىڭنى نېرىسىغا ئېلىپ قاچتىڭ، يۇلتۇزلارغا ھەمراھ بولۇپ سەيلە قىلىۋاتقان خىياللىرىڭ يەنە ۋۇجۇدۇڭغا سىڭىشتى. نېمىشقىكىن سوغۇقلا كۈلۈپ قويدۇڭ.

كۆڭلۈڭ سىرتنى خالاپ تۇراتتى، دۇتتارچى ئاكا ناخشىسىنى تۈگەتكەندە ئاستا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ.

ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى توپا يول ئايدىڭ نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى...

يېنىپ كىرگىنىڭدە قىزنى يەنە بۇرۇنقى ئورنۇدا، ئىشىككە يۆلەنگەن ھالدا كۆردۈڭ. ئۇ بۇ قېتىم كۆزلىرىڭگە يۈرەكلىك تىكىلدى، ئورنۇڭغا كېلىپ ئولتۇردۇڭ. يەنە ئۇسسۇل پەدىسى باشلانغان ئىدى. لېكىن ئۇسسۇلچىلار سېلىكىپ، بىر ـ ئىككىيلەنلا ئويناۋاتاتتى. سەن ناخشا ئوقۇماي، تەمبۇر بىلەن تەڭكەش قىلدىڭ. كۆزلىرىڭ يەنە شۇياققا ئاغدى. ئۇ سۇپىنىڭ گىرۋىگىدە ئولتۇرغان بولۇپ، يېنىدا ئۆزىدىن سەللا كىچىك يەنە بىر يىگىت تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ يىگىتكە ئەركىلەپ سۆزلەۋاتاتتى، يىگىتمۇ شوخلۇق قىلىپ قىزنى ئەركىلىتىۋاتقاندەك ئىدى. سەن ئىچىڭدە سوغۇقلا كۈلۈپ قويدۇڭدە دەررۇ نېرىسىغا قارىۋالدىڭ. لېكىن، كۆزلىرىڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلاتتى، سەن يەنە بىئىختىيار ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلەتتىڭ، ئۇ تېخىچە شۇنداق ئەركىلەش بىلەن ئىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يەنە سۇس كۈلكە بىلەن ساڭا قاراپ قوياتتى، خۇددى ساڭا ئاللىنېمىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقاندەك، سېنى سىناۋاتقاندەك. يىگىتنىڭ ئۇنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ، كەينىگە قايرىغىنىنى كۆردۈڭ، ئۇنىڭ شوخلۇق بىلەن كۈلۈشى جۇدۇنۇڭنى ئۆرلەتتى. چۈنكى بۇ چاغ ھويلىدا ھېچبىر قىزبالا قالمىغان ئىدى، ياشلارمۇ ئاساسەن تارقىغان بولۇپ ئۆيىنىڭ چوڭلىرى ـ ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ قېيىن ئانا، قېيىن ئاتىللىرى ۋەباشقا چوڭلارلا قالغان ئىدى. سەن ئىچىڭدە يەنە بىر قېتىم سوغۇق كۈلدۈڭ، خۇددى بىر نەرسىنى خاتا كۆرۈپ قالغىنىنى بىلگەن كۆزى ئاجىز كىشىدەك.

مەيىن شامال كۆچىيىپ ئاسمانىنى ئەمدى قارا تۇمان قاپلاشقا باشلىغان ئىدى، خۇددى قەلبىڭدەك، ئويلىرىڭدەك.

ئۆيىنىڭ تۆرت بۆلۈگىدىن خورەك، پۇشۇلداشلار ئاڭلىناتتى. تازا ھارغان بولساڭمۇ ھېچ ئۇيقۇڭ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سائەتكە قارىماقچى بولۇپ تېلفونۇڭنى قولۇڭغا ئالدىڭ، شۇندىلا تېلفونۇڭنىڭ ئېكرانىدا ئېسىقلىق تۇرغان ئوقۇلمىغان ئۇچۇرلارنى كۆردۈڭ ـ دە، ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىڭنى ئاچتىڭ. قىسقا ئۇچۇر سەن خېلى چاغقىچە ئىنتىلىپ، تەلپۈنۈپ، قوغلاشقان قىز دوستۇڭ مۇيەسسەردىن كەلگەنىدى، سەن بايىقىدەك خىيالەن يورۇپ ئۇنىڭدىن ئۇچۇر كەلگىنىنىمۇ سەزمىگەنىدىڭ.

« ـ ھە، تېنچلىقمۇ، ھەجەپ يوقاپ كەتتىڭزىيا، غوجام. تويدا، تويدا دەپ، ئۆزىڭىزلا

قىلىۋالمىغانسىز تويىنى. ھە راست، قىز قولداشلار قانداقراقكەن؟ ھاھا... تويدا كونا مۇھەببەتلىرىڭىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز ھە!!»

«خاپىلاپ كەتتىڭىزما، چاقچاق قىپ قويدۇم، ھەي! ئەھۋالىڭىز ياخشىدۇ، ياخشى تۇرغانسىز؟»

« ـ ۋوجون، مانى!... خەپ جۇما، مەكتەپكىمۇ بارارمىز قېنى، تازا ئەدىبىڭىزنى بەرمىسەم، قاراپ تۇرۇڭ!»

ساڭا ئۇنىڭ ئۇچۇرلىرى خۇددى قىلىقلىرىدەك تاتلىق بىلىندى، تاتلىقىنە كۈلۈپ قويدۇڭ. لېكىن، شۇ چاغ قاراڭغۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىدىن بىرى ساڭا قاراپ سوغۇققىنە كۈلگەندەك بىلىندى، خۇددى سېنىڭ بۈگۈنكى نەچچە قېتىملىق سوغۇق كۈلۈشۈڭدەك.

مەكتەپتە ھەممەيلەن دېگۈدەك سىلەرگە ھەۋەسلىنەتتى، ئۇ سېنىڭ كۆيۈنۈشلىرىڭدىن خۇشاللىناتتى، دوستلىرى ئالدىدا پەخىرلىنەتتى. سەن ئۇنىڭ ئىسىل مىجەزى، ھەممە ھەۋەسلەنگۈدەك چىرايى، تاتلىق قىلىقلىرىدىن سۆيۈنەتتىڭ. ئەنە شۇنداق تاتلىق چاغلارنى دائىم ئەسلەيتتىڭ. بىراق، بۈگۈن ئۆزۈڭنىڭ قىلغانلىرى، خىياللىرىڭنى ئۆزى تەرەپكە تارتىپ، ساڭا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك ئىدى. ئارتۇق خىياللارغا ئاجىزلىق قىلدىڭ دە، كۆزۈڭنى چىڭڭىدە يۇمۇۋالدىڭ...

ئەتىسى تاڭ سەھەر، يۈز ـ كۆزلىرىڭنى يۇيۇپ تۇرىشىڭغا ئۇ قىز يەنە شۇ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. لېكىن، ساڭا قاراپمۇ قويماستىن ئالدىڭدىن ئۆتۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، خۇددى سېنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغاندەك، ئەتىراپتا قاتار تۇرغان يىگىتلەرگە كۆز قىرىنى سالماي كوچا تاماشاسى قىلىۋاتقان مەلىكىدەك. ئەلۋەتتە سەنمۇ لاپىلا قىلىپ قارىدىڭ، يۈسۈپجان بىلەن پاراڭنى داۋام قىلدىڭ.

چۈشكە يېقىن، يۈسۈپجان يىگىتلەر بىلەن ناخشا ئوقۇپ تۇرغان يېرىڭدىن تارتىپ چىقتى.

ـ ماڭ، ئاداش، ئەتىگەندىن ئۆيدىكىلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشتۇق. ئەمدى قولداشلار، دوست ـ ئاغىنە باللار، تويى بولغانلار بىر سۈرەتكە چۈشۈۋالايلى.

ـ تويى بولغانلار؟

ـ ھاھا... يۈرە...

ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئۆرۈكلۈك تار يولدا كېلىنچەككە ھەمراھ بولۇپ چىققان قىز قولداشلار، يەنە يۈسۈپجاننىڭ ئىنىسى تۇراتتى. مەن ئاستا پىچىرلىدىم.

ـ بوۋايچۇ؟ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ـ بوۋاي؟

ـ تۇرسۇننى دەيمەن.

ـ ھاھا... قويە ئۇنى، مەندىن نەسىھەت ئاداش، تويۇڭدا بويىنى باغلانغان بوۋايىنى ھەرگىز قولداش قىلىپ سالما. بايا ئازراق ئىشى چىقىپ قېلىپ كەتتى، يۈر، بىز چۈشۈپ تۇرايلى.

سۈرەتچى ئارقا كۆرۈنۈش تاللاۋاتاتتى، كېلىنچەك، قولداشلار سېنىڭ ئالدىڭدىلا تۇراتتى. يەنە ئاغزىڭ قىچىشتى بولغاي، نۇرىمان ساڭا لاپ قىلىپ قارىشى ئۇنىڭ ئېغىزنى تاتلىدىڭ:

ـ ھە راست، تۈنۈگۈن يىگىننى قەستەن سانجىۋېتىپ ھەجەپ ئوسال قىلدىڭىزا.

ـ نەگە سانجىۋېتىپتىمەن، كۆكەمە بالا!

ـ بالا؟ ھاھا... مۇشۇ يەرگە شۇ، قارىڭا، تۆشۈك ئېچىلىپ قالدى ھازىر.

ـ قەيەركەن ئۇ، تۆشۈك ئېچىلىپ قالغان.

ـ مۇشۇ يەر دېدىمغۇ، مانا. نېمە بولدۇ ئاداش ما يەردە؟ قارىغىنا.

ـ يۈرەك.

يۈسۈپجاننىڭ گېپى بىلەن يەنە بىر كۈلۈشمەك بولدى.

ـ ھە، مانداق دېگىن، ئاداش. تېخى نېمانچە ئاغرىيدىكىن دەيمەن، ئەسلى مانداق سىر بار دېگىنە. قارامكەنسىز جۇمۇ، نەخ جايىنى نىشانلاپسىز.

ـ ۋوجون، يۈسۈپجانكا ھەجەپ قېلىنكىنا ما دوستىڭىز.

ـ ھاھا... چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، چاقچاق...

ـ شۇشۇ...

بۈگۈن باشقىچىلا گەپچى بولۇپ كېتىۋاتقىنىڭنى ئۆزۈڭمۇ سېزىۋاتاتتىڭ...

ـ ھە، يانا سۈرەتكە چۈشىدىغانلار بارمۇ؟ ـ سۈرەتچى ھەممىڭلارغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى...

سۈرەتكىمۇ چۈشۈپ بولدۇڭلار، لېكىن سېنىڭ يەنە چۈشكۈڭ بار ئىدى، ھېلىقى «مودىل قىز» دائىملا بىرگە رەسىم چۈشكەن يۈسۈپجاننىڭ ئىنىسىدەك.

بىرەر سائەتتىن كېيىن مېھمانلار كۆپەيگىلى تۇردى. قوغۇن ـ تاۋۇز پىچىلمايۋاتاتتى، يۈسۈپجاننىڭ سۆزى بىلەن ئۆزۈڭ قوغۇن تاۋۇز پىچىلىۋاتقان قازناق ئۆيگە كىردىڭ. ئويلىمىغان يەردىن كېلىن، قولداشلار، تۇرسۇن، ئەخمەتلەر شۇ قازناق ئۆيدە تۇراتتى. كۆزلىرىڭ چاقناپ كەتكەندەك بولدى، خۇددى ئۇۋىسىنىڭ ئالدىدا توشقاننى ئۇچراتقان بۆرىدەك.

ـ ۋوي، نىمانداق پىچماي تۇرىسىلەر، ئاداش؟ ھە، بولىلى ئەمسە. ماۋۇلارچۇ، مۇشۇ ئۆيگە پالانغان ئوخشىمامدا؟ ـ بوش قىلغان گېپىڭنى ئاڭلاپ قالغان نۇرىمان يەنە ساڭا دومسىيىپ قاراپ تۇراتتى، خۇددى ئەركىلەۋاتقان كىچىك بالىدەك. سەن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدۈڭ.

ـ ياق، ئەمدى ئۆز ئادەم ئەمەسما، مېھمانلار سەل كۆپ بولاپ قېلىپ مۇشۇندا بولغان ئوخشايدۇ، توغرا چۈشىنەيلى خانىلا. قېنى، قېنى، يۇسۇپجانغا ۋاكالىتەن ئۆز قولۇم بىلەن قوغۇن پىچاي. ئاله ھەي، تۇرسۇن، مالامۇ يېسۇن، ئاله ھە! قېنى، قېنى بېقىشلى.

قىزلار بىر ـ بىرىگە قارىشىۋەتكەندىن كېيىن تەڭلا ساڭا قاراپ دومسىيىشتى. ئەخمەتكە كۆزۈڭنى قىسىپ قويۇپ، گېپىڭنى داۋام قىلدىڭ.

ـ ھەي! قارىغاندا لايىقىڭلاردا بولماي قاپتۇ دە! قالغىنىغا بىز بولغاندىكىن. ما توشۇيدىغانلار بولسا بىز پىچۇرەيلى ئاداش، سىرتتا مۇشۇ نەرسىلەر كەم ھازىر.

نېمىشقىكىن، ئاغزىڭ بېسىقماي سۆزلەيتىڭ، خۇددى پادىشاھقا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلمىغان قىلىقى قالمىغان ۋايىزدەك. گەپلىرىڭنىڭ قىزلارنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقىنى پەملەيتىڭ. گەپنى ئەخمەتكە قىلاتتىڭۇ قىزلارنى گېپىڭگە دىققەت قىلىۋاتامدۇ يوق دەپ ئوغرىلىقچە قارايتىڭ.

تاۋۇز ـ قوغۇنلار پىچىلىپ بولدى، «بولدى پىچماڭلار» دېگەن بۇيرۇقمۇ كەلدى، لېكىن سىلەر يەنە بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمىدىڭلار، خۇددى بىرەر نەرسىگە قىيالمايۋاتقاندەك، قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ قوغدۇغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالغاندەك.

بىرەر سائەتتىن كېيىن كەلگەن ئالاھىدە مېھمانلارنىڭ باھانىسى بىلەن تاۋۇز پىچىدىغان كىشى بولۇپ ئۇ ئۆيگە يەنە كىردىڭ، ئۇ چاغ قىزلار بىكار بولغان ئۆيگە چىقىپ كېتىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى.

ـ ئاخىرى ئازات بوپسىلەر ـ دە.

ـ شۇنى دەڭا.

ـ لېكىن قورسۇقىڭلار ئېچىپ قالارمۇ، بولمىسا ما قوغۇنلارنى ئالغاچ چىقىڭلار، قوغۇن پىچقىلى كىرگەچ تاماق...

ـ ھاھا... بولدى رەھمەت...

ئۇلار چىقىپ كەتتى. سەن پىچىۋاتقان قوغۇنۇڭنى ئازراقلا پىچىپ تۇرسۇننى چاقىردىڭ.

ـ ھەي، ئاداش، مەكىلە، تۇتە ما پىچاقنى، سەنمۇ بىر پىچىپ باقە قوغۇننى قانداق بولىدۇ قېنى.

ـ ھەي، ئادىل، ھەي ئادىل، قارا سېنى، قىزلار يوق زېرىكىپ قاپسەندە، بوپتۇ، ئەكە.

ـ چاقچاق ئاداش، چاقچاق، پاراڭ بىلەن تەڭ پىچايلى دېمەكچىتىم، ئەسلى.

بىردەمدىن كېيىن ئەخمەتمۇ كىرىپ قالدى. بىردەم تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشتىڭلار، ئاخىردا تېما يەنە قىزلارغا كۆچتى.

ـ ئادىل، راست، سەل باشقىچە تۇرىدۇغۇ ئەھۋال، ساقسەن؟

ئەخمەت ماڭا باشقىچە قاراپ تۇراتتى.

ـ نېمىنى دەيسەن؟

ـ قارا خۇپسەنلىكىڭنى، ئا سىڭلىسى بىلەن كېلىشىپ قالغان ئوخشىمامسەن.

ـ ھاھا... دەل تاپتىڭ ئەخمەت، بۇنىڭدىن راست چاتاق چىققاندەك قىلىدۇ.

ـ ۋاي، يوق گەپنى تاپماڭلار، ھە راست كىچىكلا تۇرۇپ مۇھەببىتى بار قىز بالىمۇ نېمە ئۇ؟

ـ قانداق دەيسەن.

ـ ئاخشام بىر ئاداش بىلەن قىچقىلىشىپلا كەتتىغۇ، چوڭلىنىڭ ئالدىدا نومۇسمۇ قىلماي.

ـ ھە، ۋاي مەخسۇمنى دەيدۇ، ئۇكىسى ئۇ، مۇھەببىتى ئەمەس، ئەنسىرىمەي گېپىڭ بولسا دەۋەر.

ـ ۋاي، قويە، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، ئۇچرىغان ئادەمگە گەپ قىلغۇرىدىغان ئىش يوق بىر يەدە.

يەنە بىرەر سائەتكىچە ھېلى سىرتقا، ھېلى باغقا كىرىپ ـ چىقىپ يۈردۈڭ، خۇددى بىرەر نېمىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغان كىشىدەك. ئاخىرى ھالسىز بەدىنىڭنى سۆرەپ چوڭ ئىشىك يېنىدىكى يالغۇز ئۆيدە نەغمە ـ ناۋا قىلىۋاتقان ياشلارغا قوشۇلدۇڭ. شۇندىلا بىر بۇلۇڭغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ئوقۇلىۋاتقان ناخشىلارغا دىققىتىڭنى ئاغدۇردۇڭ... ئۆز ـ ئۆزۈڭگە سوغۇق كۈلدۈڭ، خۇددى تۈنۈگۈن كەچتىكى ھېلىقى كۆرۈنمەس كىشى ساڭا سوغۇق كۈلگەندەك. مۇيەسسەرنى ئەسلىدىڭ، ئۇنى سېغىندىڭ، خۇددى ئىلگىرى تالاي رەت تاقەتسىز سېغىنغىنىڭغا ئوخشاش. باشقىلارنىڭ دەۋىتى بىلەن تەمبۇرنى قولۇڭغا ئالدىڭ، لېكىن بېرىلىپ چالالمىدىڭ، ناخشا ئوقۇپ باقتىڭ، ئاۋازىڭدىن ھېسسىيات، مۇڭ ئىزدەپ تاپالمىدىڭ. راھەتسىزلىنىۋاتاتتىڭ، گويا ئالدىڭدىلا بىرى كۆزۈڭگە قادىلىپ تۇرىۋالغاندەك. بېشىڭ ئاغرىۋاتاتتى، خۇددى خاتىرەڭدىكى ئىشلار، خىياللىرىڭ بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالماي كاللاڭنىڭ ئىچىدە سوقۇش قىلىۋاتقاندەك.

ئۆينىڭ كارىدورىغا قارىتىلغان ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى. سەن ئىشىكتىن سىرتقا قادىلىپ تۇرۇپ قالدىڭ، خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن كىشىدەك. كارىدوردا چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر كۆپىيىپ قالغان ئىدى، بۇ قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرىنىڭ ئۇزىتىلغانلىقىدىن، نۇرىماننىڭمۇ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مۇنچە كىشىلەر ئارىسىدىن كۆزۈڭ بىرىنى تېپىۋالدى، ئۇ ئۆي ئىچىگە، ساڭا قاراپ قويۇپ ماڭدى، خۇددى سەن بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك. يەنە نېمىشقىدۇر ئورنىڭدىن تۇرغۇڭ، تەمبۇرنى قويغۇڭ، ئۆيدىن چىقىپ بىرىنىڭ كۆزىگە ئاخىرقى رەت قارىغۇڭ كېلەتتى، خۇددى تۈنۈگۈنكىدەك، بايىقىدەك. لېكىن، ئۇنداق قىلمىدىڭ. ئورنىڭدىن مىدىرلىمىدىڭ...

تويىنى تۈگۈتۈپ ئۆيگىمۇ كەلدىڭ. لېكىن، بىر قىسمىلا بولۇپ قالغان ئىدىڭ. ئايرىم ئۆيۈڭدە تورۇسقا قاراپ ياتاتتىڭ، خۇددى بىر ئىشلار ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقاندەك. توغرا سەن ئويلىنىۋاتاتتىڭ. لېكىن... سەن بۈگۈن نۇرىماننىڭ كۆزىگە قانداق قارىغان بولساڭ، ئۇنىڭغا قانداق چاقچاق قىلغان بولساڭ باشقا بىرىمۇ مۇيەسسەرگە خۇددى شۇنداق... ئويۇڭ مۇشۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتەلمەيتى. سەن نېمىشقىدۇر تولغىنىپ كېتەتتىڭ، نۇرىماننى بۇنىڭدىن كېيىن كۆرەلمەيدىغانلىقىڭغا ئەمەس، مۇيەسسەرنىڭ باشقا بىرىگە «نۇرىمان» بولۇپ قېلىشىدىن غەم يەپ تولغىناتتىڭ، خۇددى يىلان چېقىۋالغاندەك. تۇيۇقسىز تەۋرىنىپ ئۆرە بولدۇڭ، قولۇڭغا قەلەم ئالدىڭ، مۇھەببەتنى بىر نەرسىگە ئوخشاتماقچى بولدۇڭ، ئوخشىتالمىدىڭ، خۇددى تالاي كىشىلەردەك. يەنە بىر ـ ئىككى يىل ئۆتۈپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ئۆزۈڭنى، مۇيەسسەرنى، ئىككىڭلارنى، ئىككىڭلارنىڭ شۇ چېغىڭلارنى قىياس قىلىپ باقتىڭ، قىياس قىلالمىدىڭ. ئىككىڭلارنىڭ بەختلىك كەلگۈسىگە ئىشەنمەكچى بولدۇڭ، ئىشىنەلمىدىڭ. چەكسىز ئىشەنگەن مۇيەسسەرگە ئىشەنمەي قويدۇڭ، خۇددى ئۆزۈڭگە، كۆزۈڭگە ئىشەنمىگەندەك، ئۆزۈڭدىن ئەنسىرىگەندەك. ئۆزۈڭدىن سوئال سورىدۇڭ:

ئەمسە مەن مۇيەسسەرنى... ياق، ياق، مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەن، ھەم ياخشى كۆرىمەن، خۇددى ئىلگىركىدەك.

سورالمىغان سوئالىڭ جاۋاب بىلەن تولدى، لېكىن يەنە بىر مۇنچە سوئال ساڭا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى... يەنە ئاجىزلىق قىلدىڭ ـ دە، كۆزۈڭنى چىڭگىدە يۇمۇۋالدىڭ، خۇددى كۆزنى يۇمۇۋېلىش بىلەن ھەممە ئىشتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغاندەك...

***① شېئىر ئاپتورى جۇڭگو سىياسى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى 2009 ـ يىللىق سىنىپىدىن مۇھەممەت ئەلى توختى***

***مۇھەررىر: شاھىمەردان مەمەتئىبلى (2010)***

***كوررېكتور: مەرھابا مەمەت (2011)***

# غەزەللەر

مەمەتئېلى توختى

## ئانا تىلىم ساڭا دىلدىن كۆيۈپ قالدىم

جامالىڭنى بەت يۈزىدە كۆرۈپ قالدىم،
گۈزەللىكنىڭ ھۆرۈرنى سۈرۈپ قالدىم.
ۋاپادارىڭ بولماققا ھەم ئانا تىلىم،
بەلنى باغلاپ، يەڭلىرىمنى تۈرۈپ قالدىم.
يۈرۈكۈمگە يېقىپ ياتتىم كىتابىمنى،
تاتلىق، چۈچۈك سۆزلىرىڭگە كۆنۈپ قالدىم.
سەندە بەردى مەھمۇت، يۈسۈپ تونۇشلۇقنى،
نەۋائىينىڭ غەزىلىدە كۈلۈپ قالدىم.
تېپىۋالدىم سەندە بۈيۈك يىلتىزىمنى،
تۇنيۇقۇقلار يېقىلغاندا ئۆلۈپ قالدىم.
لۇتپۇللا ھەم ئابدۇخالىق مەشۇقىنى،
بىر ئىلاھىي سۆيۈنۈشتە سۆيۈپ قالدىم.
كىم بويتاق دەر سەندەك يارىم تۇرسا مېنىڭ،
ئانا تىلىم ساڭا دىلدىن كۆيۈپ قالدىم.

## باھار كېلىدۇ

تەييارلان ئەي كۆڭۈل دىلدار كېلىدۇ،
بويىندا سوۋغىتىڭ زۇننار كېلىدۇ.
مەست بولۇپ قېلىشتىن ئىزدە پاناھلىق،
كۆزلىرى جادۇگەر، خۇمار كېلىدۇ.
بېسىپ تۇر بىر نەپەس چاڭقاقلىقىڭنى،
مەڭزىدە ئالما ھەم ئانار كېلىدۇ.
سوغۇقلار ئۆتتىمۇ ئەسكى جۇۋاڭدىن،
كۆكسىدە مىڭ قۇياش يانار كېلىدۇ.
يۈرۈكۈڭ زارىققان يارغا ئەگىشىپ،
خۇشاللىق، بەختلەر قاتار كېلىدۇ.
ئالتۇندا تاۋلىغىن قالقانلىرىڭنى،
قېشىنى ئوق قىلىپ ئاتار كېلىدۇ.
ھۆسنىدىن قىلمايدۇ ئايغا تەمەننا،
سۆلتى جاھانغا پاتار كېلىدۇ.
سېغىنىش ئۇنىمۇ قىلدى شائىرە،
قولىدا نەچچە توم چاھار كېلىدۇ.
بېغىڭدا قىزىيدۇ بۇلبۇل ناۋاسى،
قىش ئۇزاپ مېھرىلىك باھار كېلىدۇ.

## خاتا قىلدىم

خاتا قىلدىم يار ساڭا كۆيۈپ قېلىپ،
خاتا قىلدىم سۆيۈپ تۇرۇپ، ئايرىلىپ.
قان يىغلايمەن يەتمىگەندەك پۇشايمان،
خاتا قىلدىم ئايرىلغاندا سېغىنىپ.
سۆيگۈڭ مېنى ئاسمانلاردا ئۇچۇرغان،
يەرگە چۈشتۈم قاناتلىرىم قايرىلىپ.
غەزەپلەندىم باقساڭ دىلدار دومسىيىپ،
خاتا قىلدىم خۇلقىڭنى ھار ئېلىپ.
شەيتان ئاقلار گۇناھسىز دەپ ئۆزىنى،
خاتا قىلدىم ئازغاننى كېيىن بىلىپ.
شاتلىقىمنى تىلەيتتىڭغۇ دائىما،
خاتا قىلدىم يىغلاپ، باغرىڭنى تىلىپ.
رەنجىگەنسەن بەرمىدى دەپ ئارامىلىق،
خاتا قىلدىم يېنىڭغا قايتا كېلىپ.

***جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن مەمەتئېلى توختى***

***مۇھەررىر: ئابدۇللا تۇرسۇن (2012)، كوررېكتور: مەرھابا مەمەت (2011)***

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى[1]

گېڭ شىمىن

ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت ئۇيغۇرىي (2009)تەرجىمىسى



قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى (Ughur Script，回鹘文)قەدىمكى يازمىلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلىگەن يېزىقتۇر. ئۇيغۇرلار خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خۇيخۇ (回鹘)، خۇيخې (回纥)ۋېي ۋۇ (畏兀)دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، مىلادىي 7 ~ 8 ـ ئەسىرلەردە سېلىنگا ۋە ئورخۇن دەريا ۋادىلىرىدا كۆچمەن چاۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مىلادىي 744 ـ يىلى ئۇيغۇر كۆكتۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ غوبى چۆلى (漠北)دە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى، لېكىن مىلادىي 9 ـ ئەسىردە دۆلەت ئىچىدىكى مالىمانچىلىق ۋە خاككاسلار (قىرغىز ياكى 黠戛斯)نىڭ ھۇجۇمى بىلەن بۇ خانلىق ۋەيران بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى. ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بەشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار تەۋەلىكى)قا كەلدى. كېيىن ئۇلار تەڭرىتاغدىن

[1] بۇ ماقالە گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2003 ـ يىل 12 ـ ئايدىكى 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ قېتىم بېسىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرى تەتقىقاتى » (维吾尔古代文献研究)ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى.

بۇ ماقالە ئەسلىدە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشر قىلغان « جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقىنىڭ رەسىملىك تونۇشتۇرلىشى » (中国民族古文字图录)ناملىق كىتابنىڭ 63 ـ ~ 85 ـ بەتكىچە بېرلگەن. ماقالىگە 20 نەچچە پارچە ھەرخىل يېزىقلارنىڭ رەسىملىرى قوشۇمچە قىلىنغان ئىدى.

ئۆتۈپ تۇرپان ۋادىسىنى ئىگەللىدى ۋە تەسىر دائىرىسىنى قارا شەھەر، كۇچارلارغىچە كېڭەيتىپ مەشھۇر قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى مەدەنىيەتك ئاھالىلەر (قەدىمكى كۆسەن ـ قارا شەھەر ـ قۇچۇلۇقلار، قەدىمكى خوتەنلىكلەر، خەنزۇلار، سوغدىلار)نىڭ تەسىرى ئاستىدا كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈپ، شەھەرنى ۋە سودا ـ سېتىقنى راۋاجلاندۇردى. مەدەنىيەتتىمۇ زور ئىلگىرلەشلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ۋاقىتتا ئېتىقاد قىلغان مانىي دىنىدىن بۇددا دىنىغا كۆچتى.

قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە (850 ~ 1250 ـ يىللىرىغىچە)قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەدرىجىي ھالدا غوبىي چۆلىنىڭ شىمالىدىكى ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەن قەدىمكى تۈرك يېزىقى (ياكى ئورخۇن يېزىقى)نىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ يېزىق بىلەن نۇرغۇن ئەسەرلەر يارىتىلدى، خاتىرلەندى، ۋە كۆپلەپ بۇددا ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىندى. ئاخىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەينى دەۋردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان يېزىقلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

مىلادىي 10 ـ ئەسرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىغا تارقالدى، 14 ـ، 15 ـ ئەسرلەرگە كەلگەندە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسىگە ئومۇملاشتى. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاستا ـ ئاستا ئىشلىتىلىشتىن قالدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى يېزىقى ئىگىللىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە دۈنخۇاڭ (دەشت ئاتا)دىكى مىڭ ئۆيلەردىكى نوم ئويۇقلىرىدىن نۇرغۇن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازمىلار تېپىلدى. بۇ يازمىلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىلىم دۇنياسى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن تۇرپاننى مەركەز قىلىپ قۇرغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەندى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدىلار ئىشلەتكەن ئىلماپ يازىدىغان سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى ئارامى يېزىقىدىن كەلگەن بولۇپ، تۈركىيلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار سوغدىلار بىلەن بولغان ئالاقىدە بۇ يېزىقنى قوللانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى ئومۇميۈزلۈك قوللانغانلىقتىن بۇ يېزىق «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى كېيىنكى مەزگىللەردە ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەرگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇڭغۇللارمۇ بۇ يېزىقنى ئىشلەتتى ۋە مۇۋاپىق ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ ھازىرقى زامان مۇڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلدى. 16 ـ ئەسىردە مانجۇلار بۇ يېزىقنى مۇڭغۇللاردىن قوبۇل قىلىپ، مانجۇ يېزىقىنى ئىجاد قىلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 13 ~ 15 ـ ئەسىرلەرگىچە ئالتۇن ئوردا خانلىقى (ياكى قىپچاق خانلىقى)، تۆمۈرىيلەر خانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىقىدا قوللىنىلدى. مەسىلەن، ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئالتۇن خانلىقى دەۋرىدىكى «توقاتمىش يارلىقى (1393)»[2] ۋە قۇتلۇق تۆمۈر يارلىقى» (1398)قاتارلىق يازمىلار دەل قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. تارىخىي خاتىرلەردە تۆمۈرنىڭ «بارلىق ھەربىي پائالىيەتلەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرلەش توغرىسىدا باخشىغا بۇيرۇق بەرگەنلىكى» يېزىلغان. تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە تۈركىي تىلىدىكى ئىسلامىي ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن قايتا كۆچۈرۈلگەن ئىدى[3]. ئەينى ۋاقىتتا ھىرات (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا)قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنى تارقىتىدىغان مەركەزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ ۋىنا نۇسخىسى (1439)مۇ مۇشۇ دەۋرگە تەۋە. يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى كىچىك ئاسىيادىكى ئوسمانلىي ئىمپېراتورلۇقىغىمۇ ناتونۇش ئەمەس ئىدى.

تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار (ھۆججەتلەر)، كىتابلار ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرى (1368 ـ ~ 1644)دىكى «قوچۇ مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، «قوچۇ مەھكىمىسى مەكتۇپلىرى» قاتارلىقلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تۇرپان، قومۇل ۋادىلىرىدا تاكى 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەرگىچە قوللىنىلغان. 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن ئەتراپىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» 17 ـ ئەسىردە (كاڭشىنىڭ 26 ـ يىلى)كۆچۈرۈلگەن.

---

[2] تىرناق ئىچىدىكى سان يىل سانىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكىلىرىمۇ ئوخشاش.

[3] كېيىن تىلغا ئېلىنىدىغان «سىراجۇل قۇلۇب» (1432)، «بەختىيارنامە» (1435)، «مىراجنامە» (1436)قاتارلىقلار.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، 18 دىن 22 گىچە ھەرپ بار[4] (دەۋرلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەرپلەرنىڭ سانىمۇ مۇقىم بولمىغان). قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ سوغدى يېزىقىدىن پەرقلىنىدىغان بىر قانچە مۇھىم تەرەپلىرى:

1. سوغدى يېزىقىدىكى 4 مەنىلىك بەلگىنى ئىشلەتكەن. (ئۇلار: daleth, teth, ain, koph) «ر» ھەرپىنىڭ ئۈستىگە بىر ئىلمەك تارتسا « ل » نى ئىپادىلەيدۇ.

2. (a aleph)، (o, u waw)ھەرپلىرىنىڭ كەينىگە (y yod)نى قويسا ئايرىم ـ ئايرىم i/ï ۋە üö/ سوزۇق تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. «ن» بىلەن «گ» نى قوشۇپ يازسا (n+g)«ڭ» (ŋ)تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. «غ» (ɣ)نىڭ سول تەرىپىگە ئىككى ئاسما چېكىت قويسا «ق» (q)تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدۇ.

4. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بىر ياكى ئىككى چېكىتنى تىنىش بەلگىسى ئورنىدا ئىشلەتكەن. بەزىدە تۆت چېكىت (::)بىلەن ئابزاس ئايرىغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەسلەپكى مەزگىللەردە توغرا قۇر بويىچە ئوڭدىن سولغا يېزىلغان، كېيىنكى دەۋردە تىك قۇر بويىچە سولدىن ئوڭغا يېزىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خەت نۇسخىلىرىدىن ئاساسەن تۈز خەت نۇسخىسى (经体)، كەيشۇ خەت نۇسخىسى (楷书体)، ئىلماپ يازىدىغان (草体)ۋە يازغاچ ئويما خەت نۇسخىسى قاتارلىقلار بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تۆت خىل شەكلى بار: 1. قولۇلە قېپىسىمان (贝叶式)(سول تەرىپىدە يىپ ئۆتكۈزىدىغان كىچىك تۆشۈكى بار، شەكلى يۇملاق). 2. يۆگەكسىمان (卷子式). 3. قاتلاقسىمان (折子式). 4. كىتاب شەكلىدە (册子式).

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نوملارنىڭ كۆپىنچىسى ماھايان (بۈيۈك قاڭقىل)مەزھىپىگە تەۋە، يەنە بىر قىسىم ھىنايانا (كىچىك قاڭقىل)مەزھىپىگە تەۋە نوملارمۇ بار (مەسىلەن، «ئاگاماس سۇترىسى» [阿含部诸经]). يەنە بىر قىسىم خۇپىيە (تانترا)مەزھىپىگە تەۋە ئەسەرلەرمۇ بار (كۆپىنچىسى تىبەت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان).

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇددا نوملىرى (مەسىلەن، « مايترى سىمىت » لوندۇن نۇسخىسىدىكى «سەككىز يۈكمەك» قاتارلىقلار)ۋە مانى دىنى ئەسەرلىرى ئوخشاشلا nدېئالېكتىغا تەۋە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولسا، يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەر yدېئالېكتىغا تەۋە ئىدى.[5]

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ ئىچىدە جاتاكا (本生)ۋە ئاۋادانا (譬喻故事)ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ ئەدەبىيلىكى كۈچلۈك. « مايترى سىمىت » نى دارمىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

مانى دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنىڭ داڭلىقلىرىدىن «خۇاست نەھۇفت» ۋە باشقا كۆپ خىل مەدھىيە قوشاقلىرى بار.

نېستورىئان دىنىغا تەۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەردىن «ئەۋانگىل» (ياكى ئىنجىل 福音书)ۋە «مۇقەددەس جۇرجىنىڭ ھالاكەت خاتىرىلىرى» (圣乔治殉难记)قاتارلىقلار بار.

ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە تەئەللۇقلىرىدىن «مىراجنامە»، «سىراجۇل قۇلۇب» ۋە «بەختىيارنامە» قاتارلىقلار بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «قۇتادغۇ بىلىگ» (ۋىنا نۇسخىسى)، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «ئوغۇزنامە»، «ئېزوپ مەسەللىرى» نىڭ پارچىسى، «قەدىمكى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» ۋە يەنە خارەزمىي، لۇتفىي قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرى بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تىبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەردىن «سىدخاسارا» قاتارلىقلار بار.

---

[4] ماقالىدە بۇ يەر «8 دىن 22 گىچە ھەرپ بار» دەپ يېزىلغان. ئەمما، ئاپتۇر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ باشقا ماقالە ۋە كىتابلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپ سانىنى بىر دەك 18 دىن 22 گىچە ياكى 19 دىن 23 كىچە دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، مەزكۇر ماقالىلەر توپلىمىنىڭ 32 ـ بەت 1 ـ قۇردا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 19 دىن 23 كىچە ھەپتىن تەشكىل تاپقان» دەپ يازىدۇ. ھەم قەدىمكى ئۇيغۇر يىزىقنى ئەڭ ئاز بولغاندا 8 ھەرپتىن تەشكىل تاپىدۇ دېسە، بۇ گەپ ئەمەلىيەتكىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ يەردە بىز باسما خاتالىقى كۆرۈلگەن دەپ قاراپ، 8 نى 18 كە ئۆزگەرتتۇق. (**تەرجىمە قىلغۇچىدىن**)

[5] مەزكۇر ماقالىلەر توپلىمىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى، يازما يادىكارلىقلىرى ۋە دېئالېكتلىرى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىن ئولانكوم ئابىدىسى، «قوچۇلۇق تودۇم سالىنىڭ ئىبادەتخانا سالدۇرىشى ھەققىدىكى خاتىرە تاش»، «ئىدىقۇد قوچۇ خانىنىڭ ھاياتىدىكى تۆھپە خاتىرە تېشى» «جىيۇچۇەن مانجۇ شىرى بۇتخانىسى خاتىرە تېشى»، «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇگجۇ دارۇغاچىلىرىنىڭ نەسەب ئابىدىسى» ۋە «جۈيۇڭ گۈەن ئابىدىسى» قاتارلىقلار بار.

ئۇنىڭدىن باشقا قېزىۋېلىنغان 200 پارچە ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەرنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گېرمانىيەلىك ئالىم كالپورت (Klaproth)مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن « ئىدىقۇت مەكتۇپلىرى » ناملىق ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىغا ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلدى. كېيىن ۋېنگىرىيەلىك ئالىمۋامبېر (Vambery)، فىرانسىيەلىك ئالىم كۇرتىل ( Pavet de Kourteil)، روسسىيەلىك ئالىم رادلوف (Radloff)قاتارلىقلار ياۋرۇپاغا تارقالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «قۇتادغۇ بىلىگ» نى تەتقىق قىلىپ ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە تۇرپان رايونىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ كۆپلەپ قېزىۋېلىنىشى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. گېرمانىيەلىك موللىر (Mueller)، لىكوك (Le Coq)، باڭ (Bang)ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى گابايىن (von Gabain)، روسسىيەلىك رادلوف، مالوف (Malov)، فىرانسىيەلىك پېللىئوت (Pelliot)، تۈركىيەلىك رىھمەتى (كېيىن ئىسمىنى «ئارت» قا ئۆزگەرتكەن)ياپونىيەلىك ھانەدا羽田亨 Haneda Tooru))قاتارلىقلارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى «بېرلىندىكى تۇرپان يادىكارلىقلىرى توپلىمى» (Berliner Turfantexet)دېگەن ماۋزۇ بىلەن سەككىز چوڭ توپلام چىقاردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گېرمانىيەلىك پېتىر سىمېي (Zieme)، غەربىي گېرمانىيەلىك روربۇن (Roehrborn)، لائۇت (Laut)قاتارلىقلارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

فىرانسىيەدە 50 ـ يىللاردىن باشلاپ «پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (Mission Paul Pelliot)دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدا پېللىئوت 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭ (دەش ئاتا)دىن ئارخىلوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىپ تۇردى. ھاملتون (Hamilton)«ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى» ۋە «9 ~ 11 ـ ئەسىردىكى دۇنخۇاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تەتقىقاتى» دېگەن ئىككى ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيەمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇلار مەخسۇس غەربىي يۇرت (西域)تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇپ، ئىلگىرى ياپونىيەنىڭ داگۇ (Otani)شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئېرىشكەن ئاسارە ـ ئەتىقىلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات مەزكۇر جەمئىيەت نەشر قىلدۇرغان «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى» ناملىق ئەسەرنىڭ 4 ـ تومىغا كىرگۈزۈلدى. ياپونىيەلىك مورى ماسو (护雅夫， Mori Masao)، ئودا جۇتەن ( Oda, Juten 小田寿典)، كۇدارا كوگى، شوگەي تو، مورى ياسو (Moriyaso, Takao 森安教夫)، ئۇمەمۇرا (Umemura، Hiroshi 梅村坦)، ياما دانو قاتارلىقلارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا زور ھەسسە قوشتى.

تۈركىيەمۇ ئۇرۇشتىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا چوڭ تۆھپە قوشتى. مەسىلەن، ئارت (Art)، چاغاتاي (Çağtay)تەزجان (Tezcan)، باراتچۇ (Barat çu)، ئۆلمەز (Ölmez)قاتارلىقلار.

ئامېرىكىلىق شىناس تەكىن (Tekin)1969 ـ يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى«ئابىدارما قوشاۋاردى شاستىرنىڭ ئەنخۇي شەرھىسى »[6] ئىلان قىلدى. 1980 ـ يىلى گېرمانىيە نۇسخىسىدىكى«مايتىرى سىمىت» نى تەتقىق قىلدى ۋە شۇ يىلى يەنە « يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا يادىكارلىقلىرى » دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقلىق توگوشىۋا (Togushewa)قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بىر قانچە ماقالە ئېلان قىلدى.

مەملىكىتىمىزدىن پروفېسسور فېڭ جياشىڭ (冯家昇)دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى < شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى > نى تەتقىق قىلىشتىن دوكلات»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شەنفۇ

---

《[6]》بۇ شاستىرنى بەزى كىتابلاردا « ئابىدارما قوشاۋاردى شاستىرغا ئەنخۇينىڭ بەرگەن 俱舍论安慧实义蔬 شەرھىسى » دەپ تەرجىمە قىلغان.

(بىنتۈك)نىڭ سېتىلىشى توغرىسىدىكى ھۆججەت» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. كەمىنە گېيك شىمىنمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېقىدا يېزىلغان « ‹مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى خەت ـ چەكلىرى› ھەققىدە دەسلەپكى ئىزاھات » ، « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى› نىڭ 7 ـ بۆلىمى ھەققىدە تەتقىقات » ، « ‹قوچۇ خانىنىڭ تۆھپىلىرى خاتىرە تېشى› ھەققىدە تەتقىقات » ، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات » قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قېيۇم خوجا ، ئىسراپىل يۈسۈپ ، قاھار بارات ، نىيۇ رۇجى (牛汝极)، جاڭ تېيشەن (张铁山)، ياڭ فۇشۆ (杨富学) ئابدۇرېشىت ياقۇپ قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشماقتا.

قوشۇمچە: قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە كىچىك ئاسىيادا قوللىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا مەن ۋېنگرىيەلىك ئالىم ۋاسارى (Vasary)نىڭ ماقالىسىنى « تىل ۋە تەرجىمە » ژۇرنىلىدا تونۇشتۇردۇم.

***مۇھەررىر: ئابدۇرېيىم مەتتۇردى (2009) ، كوررېكتور: مەمەتجان ئابدۇقادىر (2011)***




**مەمەتجان ئەمەت (2009)**

گۈلۈم سېنى يۈرىمەن ئاي دەپ ،
كېچە يالغۇز باقىمەن ساڭا.
سېغىنىشتىن كۆتىمەن يىغلاپ ،
شۇم بۇلۇتلار ئالسا دالدىغا.

بەلكى يىغلاپ ئۆتىمەن يەنە ،
ئون بەش تۈندە يۈزۈڭنى ئىزلەپ.
گاھى شادلىق گاھى ھەسرەتتە ،
ئۆتەر كۈنلەر كۆڭۈلنى بەزلەپ.

تۈن يۇتمىسۇن سۆيگۈمىزنى دەپ ،
يۈرۈكۈمنى يېقىپ قويىمەن.
ياشلىرىمنى توسۇپ ، ئېسەدەپ ،
ئوتى ئۆچۈپ قالمىسۇن دەيمەن.

ئىزدەپ ، كۈتۈپ ئايدەك يۈزۈڭنى ،
كۆكتە ئاي ۋە يەردە مەن يالغۇز.
ئىمكان بولسا كۆرسەم كۆزۈڭنى ،
بىللە ئايان بولغاندەك يۇلتۇز.

كېچىلەرنىڭ خىلۋەت قوينىدا.
كۆپ يوقاتتى ئېسىنىيۈرەك ،
تاپالمىدىم ياخشى بىر دورا ،
ئالبومدىكى سۈرەتتىن بۆلەك.

گۈلۈم شادلىق بېرىمەن دەيسەن ،
بال قىلىسەن سۆزۈڭنى ھەردەم.
نېچۈن يەنە يىغلاپ قالىسەن؟
ئېيتماي تۇرۇپ مەيلىڭنى بىردەم.

«دىل شامىغا تۇتاشتۇردۇڭ ئوت ،
ياندى يۈرەك!» دېگەنىڭ بىرچاغ.
نە قىلايمەن ئۆزۈم ياققان ئوت ،
قىلسا جاننى پەرۋانە سىياق.

***مۇھەررىر: تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009)***
***كوررېكتور: زىبىرىنىسا سەلەي (2011)***

# ئۆلۈم

(نەسر)

سەئىدنىسا يۈسۈپ (2009)

سەن مېنى ئۆلۈمگە بۇيرىغان شۇ دەقىقىدە يۈرىكىم ئازابتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاس ـ تاس قالدى. چىرايىڭغا ئۆتۈنۈش نەزىرىدە باقتىم، لېكىن سەندىن كۆڭلۈمگە يارىشا ئۈچقۇنچىلىكمۇ ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق دېگەنلەرنى كۆرمىدىم. سەن خۇددى ئەزرائىلدەك، ھازىرلا جېنىمنى ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقان جاللاتتەك كۆزلىرىمگە نەشتەردەك قادىلىپ تۇراتتىڭ. مەن تەن بەردىم. مۇشۇ تاپتا ئاجىز تېنىم ئاچچىق ۋە غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەيتتى. سەندىن كۆرگەن بارلىق خورلۇقلىرىم، ئاڭلىغان تىل ـ ئاھانەتلىرىم خۇددى ۋولقاندەك يۈرىكىمنىڭ قات ـ قېتىدىن يامراپ چىقتى. گەرچە مەن ئۆزۈمنى قانچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان بولساممۇ كۆز ياشلىرىم ھېچ ماڭا بويسۇناي دېمەيتتى.....

بىلەمسەن ئەي قۇياشىم، مەن ھەر قاچان سېنىڭ ئالدىڭدا مۇشۇنداق ئاجىز ۋە قەدىرسىز ئىدىم. كۆز ياشلىرىم ھەر زامان ئازابلىرىمنىڭ شاھىدى بولۇپ ماڭا ھەمراھ ئىدى. ئەمما سەن ئەزەلدىن بۇنىڭغا دىققەت قىلمايتتىڭ، يۈرىكىمنىڭ قات ـ قېتىغا يوشۇرۇنغان ئۈمىدسىزلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان نىدالىرىمنى ئاڭلىمايتتىڭ. مۇشۇ پەيتتىنىڭ ئۆزىدە مېنىڭ مۇھەببەتكە تەشنا بۇ يۈرىكىم يەنە بىر قېتىم رەھىمسىزلەرچە چەيلەندى. مەن ئاستا ـ ئاستا كۆزلىرىمنى يۇمدۇم...

ئاھ ئۆلۈم! ئەجەبا ئۆلۈم راستىنلا مېنى چاقىرىۋاتقانمىدۇ؟

قۇياشىم، شۇ تاپتا سېنىڭ ئاشۇ يۈرەك تارىنى لەرزىگە سالغۇچى ئاۋازىڭ بىلەن ئىسمىمنى يەنە بىر قېتىم، يەنە بىر قېتىم چاقىرىشىڭنى نەقەدەر ئۈمىد قىلار ئىدىم ھە!ئەپسۇس... مەن سېنىڭ نەزىرىڭدە ئاللىقاچان ئەڭ قەدىرسىز، تاشلاندۇق بۇيۇمغا ئايلىنىپ قالغان ئىدىم. مەن يەنە تۇرىۋېرىشكە بەرداشلىقبېرەلمىدىم. مەن ھەممىدىن كىچىپ ئۆلۈم دەرۋازىسىنىڭ ئىشىكىنى ئۆز ئايىغىم بىلەن بېرىپ چەكمەكچى بولدۇم. مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن قوللىرىم بىلەن كۆز ياشلىرىمنى زەرد بىلەن سۈرتتىم. پۇتلىرىم پۈتۈنلەي ئۇيۇشۇپ قېتىپ قالغان ئىدى. تەسلىكتە ئالدىمغا بىر قەدەم ئالدىم، ئالدىمىۇ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. كۆزلىرىڭگە يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنۈش نەزىرىدە قارىدىم. ئاھ سېنىڭ ئاشۇ رەھىمسىز كۆزلىرىڭ، جان ئالغۇچى ياۋۇز كۆزلىرىڭ...

خەير ئازاپ، خەير ئارمان! مەن ئەمدى كېتىمەن، ھېچكىم، مەڭگۈ تاپالمايدىغان يەرگە كېتىمەن. سەن مېنى ئۆلۈمگە بۇيرىغان ئىدىڭغۇ؟! مانا ئەمدى مەن ئۆلۈمگە خۇشاللىق بىلەن قۇچاق ئاچىمەن.

مانا، مەن كېتىۋاتىمەن، ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا ئۆز ئايىغىم بىلەن كېتىۋاتىمەن. مەن ئىشىنىمەنكى ئۇ مېنى چوقۇم قارشى ئالىدۇ، ھېچ بولمىغاندا مېنى سەندەك رەھىمسىزلەرچە زۇلمەت قوينىغا تاشلاپ قويمايدۇ. مەن ئىشىنىمەن، ئۆلۈم خۇددى ھەممىنى يالماپ كەتكۈچى بوران چاپقۇندەك مېنى بۇ قاراڭغۇلۇقتىن خالاس قىلىدۇ. بارلىقىمنى بەربات قىلىدۇ. دۇنيارىمدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ھالاكەت ئىچىدە، روھىنىڭ بارلىق يالىڭاچلىرى ئىچىدە مەن يۈرۈكۈمنى تۈنجۇقتۇرۇپ بۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىمەن.

ئاتلان، يۈرىكىم ئاتلان! سېنى چەيلىگەن ئاشۇ گۇناھكار كىشىلەرنى، رەھىمسىز دۇنيانى، بارچىنى تاشلاپ ئۆلۈمگە ئاتلان!

كۆرىۋاتامسەن يۈرۈكۈم؟ ئەنە ئاۋۇ قىرغاقتا ئەزرائىل ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شەمشىرىنى ۋالىلدىتىپ سېنى ساقلاپ تۇرىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرىشىسەن، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىسەن!!!

*مۇھەررىر: رۇقىيە تۇرسۇن ئايقۇت (2010)*

*كوررېكتور: ئابلىكىم مەمەت (2011)*

# ئانا ـ بالا

**يۇسۇپجان مۇھەممەت (2009)**

(ھېكايە)

يازنىڭ يېشىللىققا پۈركەنگەن گۈزەل بىر كۈنى. سۈزۈك ئېقىندەك ئۈزۈلگەن سوزۇلغان ماي يولنى بويلاپ، تولىمۇ ئاستا كېتىۋاتىمەن. ئۈزۈلمەستىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدىغان ماشىنىلار كۆزۈمگە قېيىقلاردەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. تاغنىڭ سەلكىن شاملى مەڭزىلىرىمنى سۆيمەكتە. چاچلىرىم لەرزان پەرۋاز قىلىپ، كىيىملىرىم لەپىلدەپ جەۋلان قىلماقتا.

كۆكلۈچ ماي يولىدىكى «قېيىقلار» ئاستا ـ ئاستا توختاشقا باشلىدى. ئەمما ئەتراپتا بىرەر قىزىل چىراقنىمۇ ئۇچرىتالمىدىم. «بىرەر ۋەقە بولدىمۇ نېمە؟»دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. كۈچلۈك بىر قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە قەدەممنى تېزلىتىپ، ئالدى تەرەپتە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم.

بىرمۇنچە ئايال يولدىن ئۆتىۋاتاتتى. ئۇ بىر قولىدا يەرگە تايىنىپ، ئۆردەكچىلەپ ئاستا ـ ئاستا ئالغا ئىلگىرلەيتتى. قولىغا يۆگىۋالغان قېلىن داكا توپا ـ چاڭنىڭ تەسىرىدىن كىرلىشىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. بىر قولى بىلەن ئالدىدىكى داسنى ئىتتىرەتتى. داستا نېمە بارلىقىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. قاپقارا يالتىراق خالتا داستىكى غەنىيمەتلەرنى باغرىغا يوشۇرۇپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئارقىسىدىن كىيىملىرى كىرلەشكەن، پۇتلىرى چوكىدەك ئىنچىكە ئەمدىلا تۆت ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر بالا ئىككى لىتىرلىق سۇ قۇتىسىنى كۆتۈرۈپ، ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك لەپەڭشىپ، يىغلامسىرىغان ھالدا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. دېڭىز سۈيىدەك كۆرۈنىدىغان كۆكلۈچ يولدا مىيىپ ئايال ئاستا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئۆردەككە، بالائانىسىدىن قالماي ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئۆردەك چۈجىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى. مۇشۇدەممدە ئايالنىڭ ھەم ئاۋۇ ئوماق «ئۆردەك چۈجىسى» نىڭ ساق ـ سالامەت يولدىن ئۆتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلماقتا ئىدىم. ئۇلار يولنىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ قېتىغا ئۆتۈپ بولالمىغانىسىرى يول ماڭا كېڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. قەدەممنى ئاستىلاتتىم.

بەش مېتىر، تۆت مېتىر... مانا ئاز قالدى. ئۇلار ئاخىرى يولنىڭ بۇ قېتىغا ساق ـ سالامەت ئۆتتى. بازار كۈنى بولغاچقا ماشىنىلار كۆپ ئىدى. ئەمدى ئەندىشىلىرىممۇ غايىپ بولدى.

سەللا تېز ماڭسام ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قالاتتىم. نېمىشقىدۇر يەنە بىرقىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە قەدەممنى تېخىمۇ ئاستىلىتىپ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭماقچى بولدۇم...

ئادەملەر بارغانسىرى كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى. ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى تولغىقى تۇتقان ئايالدەك ئاچچىق چىرقىرايتتى.

ئايال يېڭى بىلەن پىشانىسىدە تەپچىرەۋاتقان مۇنچاقتەك تەر تامچىلىرىنى سۈرتمەكتە. بالا ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئىڭىر ـ ئىڭىر چامداپ كېلىۋاتاتتى. ساقال ـ بۇرۇتلىرى كىرلىشىپ كۈلرەڭ تۇسكە كىرىپ قالغان، پىشانىسى پولىشىپ كەتكەن سۆگەتنىڭ قوۋزىقىدەك يول ـ يول قورۇقلار بىلەن تولغان، مەڭزى ئوكسىدلىنىپ قالغان ئالما ئېتىدەك دات رەڭدە پارقىراپ تۇرغان، يۇمۇلۇپ تۇرىدىغان كۆزلىرى نۇرىنى يوقاتقان بىر بوۋاي يول ياقىسىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى. بوۋاي بىردىن بالىنى چاقىرىپ قالدى.

ــ بالام، توختىغىنا. بەك ئۇسساپ كەتتىم. سۇيۇڭدىن بىر ئوتلىۋالاي.

ــ ئاپا، ما دادام شۇ دەيدۇ، بىيەيمۇ، دېدى بالا ئاپىسىغا قاراپ، ئايال بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىمۇ قانداق كېتىۋەردى.

— ئاپا، بالا كۈچەپ ۋارقىرىدى. ئايال پىشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەچ كەينىگە ئۆرۈلدى، ماۋۇ دادام شۈيىڭدىن ئازىياق ئىچىۋالاي دەيدۇ.
ـ بەر، ئىچىۋالسۇن.
بالا قۇتنى بوۋايغا ئۇزاتتى. ئارلىقىمىز خېلىلا يېقىن ئىدى. ئايالنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم. شۇنچە قارايمۇ ئۇنىڭ چېھرىدىن نە مەيۈسلۈك، نە زارلىنىش، نە ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرىنى تاپالمىدىم. ھەيرانلىق تۇيغۇسىنىڭ قامال قىلىشىغا ئۇچراۋاتاتتىم. ھەرقانچە قىلسامۇ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ مىيىپلىقى ئورنىغا قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتىم. بەلكىم ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئۆرە بولۇپ ماڭالمىسا، ھەربىر ئىشنى شۇنچە قىيىنلىپ تۇرۇپ قىلىدىغان تۇرسا، ئۆزىنىڭ مىيىپلىقىدىن زارلانماسلىقى، مەيۈسلەنمەسلىكى مۇمكىنمۇ دەرسىز. ئىشقىلىپ كۆزۈمنىڭ مېنى ئالدىمىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.
مانا ئايال ئىللىق تەبەسسۇم قىلماقتا. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە نە ئۈمىدسىزلىك ئۇچقۇنلىرى، نە مىسكىنلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ. لەۋلىرى، مەڭزىلىرى، زىناقلىرى ھەتتا كۆزلىرىگىچە ئىللىق كۈلۈمسىرىمەكتە. ياشاش قىيىنلاشقان، ئادەملەر شەخسىيەتچىلەشكەن، مېھرى ـ ۋاپا سۇسلىشىۋاتقان، ساختا كۈلكىلەر بەدەننى تىكەنلەشتۈرىدىغان، سەممىي كۈلكە تۇتىياغا ئايلانغان مۇشۇ دەقىقىلەردە بۇنداق تەبىئىي، بۇنداق ئىللىق كۈلۈمسىرەشنى كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى كاتتا مۇكاپات ئىدى.
بوۋاي قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، قولىدىكى پارچە پۇللاردىن بىر كوينى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بالىنىڭ خوشلۇقىغا گەپ توغرا كەلمەيتى.
— بالام، پۇلنى چوڭ داداڭغا قايتۇرۇپ بەر، دېدى ئايال قەتئىيلىك بىلەن.
— بىلمەن. سىز بىز تىلەمچى ئەمەس، ئۇ تىلەمچىنىڭ پۇلنى ئالما دېمەكچى. لېكىن قىزىم...
— ياق تاغا، خاتا چۈشىنىپ قالمىسىلا. ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، دېدى ئايال بوۋاينىڭ گېپىنى بۆلۈپ ۋە ئوڭايسىزلانغىنىدىن گېپىنى قىلالماي قالدى.
— قاراڭ كىشىلەرگە. ماڭا نېمىشقا بۇنداق سوغۇق نەزەردە قارايدۇ. بۇنداق قىلىشىم ئۆزئىختىيارىمدىنمۇ؟ بالىلىرىم ۋاپاسىز چىقىپ تاشلىۋەتمىگەن بولسا، تېنىمدە مادارىم بولغان بولسا بۇ ئىشنى قىلىپ يۈرەتتىممۇ؟ ئال ئوغلۇم خەجلە. ئاپاڭغا جاپا سالما، دېدى بوۋاي پۇلنى بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ.
— چوڭ داداڭغا رەھمەت دە بالام.
بالاچۈچۈك تىللىرى بىلەن بوۋايغا رەھمەت ئېيتىۋاتقاندا بۇرنۇم ئېچىشىپ، كۆزلىرىم پارقىراپ كەتتى.
«پۇف» دېسىلا ئۇچۇپ كەتكۈدەك ئۇرۇق بۇ بالىغا قاراۋېتىپ ئۆزۈمنىڭ بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم. ئائىلەمدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە مەن ئېسىمنى بىلمەيدىغان چاغلاردا، خۇددى ياغاچچى ئۇستام شىلىم بىلەن يەملەپ قويغاندەك، چوڭ ئاپامنىڭ قۇچىقىدىن چۈشمەيدىكەنمىشمەن. ئويلاپ قالدىم. بۇ بالىنىڭمۇ مېنىڭدەك كۆيۈمچان چوڭ ئاپىسى بارمىدۇ؟ خۇددى چوڭ ئاپام ماڭا نان چايناپ بەرگەندەك ئۇنىڭغىمۇ نان چايناپ بېرەمدىغاندۇ؟ بۇ بالىمۇ مەندەك، چوڭ ئاپام ساقلاپ قويغان تاتلىق تۈرۈملەرنى چاشقاندەك تىپىرلاپ يۈرۈپ تېپىۋېلىپ، ھەممىنى سۈپۈرۈۋەتكەندەك يوق قىلىۋېتەمدىغاندۇ؟ چوڭ ئاپىسى مېنىڭ چوڭ ئاپامدەك «مېنىڭ ئاچكۆز چاشقىنىم» دەپ مەڭزىمنى بوشقىنە چىمداپ ئەركىلەتكەندەك ئەركىلىتەمدىغاندۇ؟ بالا ۋاقتلىرىمدا ئاجايىپ كەپسىز ۋە بەڭباش بىر بالا ئىدىم. قىلما دېگەننى ئاشۇرۇپ قىلمىسام پۇت ـ قوللىرىم قىچىشاتتى. چوڭ ئاپام چۈمۈلىنى ئۆلتۈرسەڭ يامان بولىدۇ دەيتى. مەن پەرۋا قىلماستىن بىر قاپاق سۇنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۆلارنىڭ شاھانەئوردىسىنى سۇغا غەرق قىلىۋېتەتتىم. يىڭناغۇچلارنى تۇتىۋالاتتىم ـ دە، ئۇچۇپ كەتمىسۇن دەپ قانىتىنى ئۈزىۋېتەتتىم. تەكپۇڭلۇقى يوقالغان يىڭناغۇچلار ھەرقانچە ئورۇنۇپمۇ ئۇچالمايتتى. يىڭناغۇچلار ئۇچالمىغىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلامدىكىن دەپ ئويلايتتىم...
ئورۇق ئادەملەرنى شوراپ تاشلىۋەتكەن كەمپۈتكە ئوخشىتىش ھازىر خېلى مودىغۇ؟ بەلكىم كىچىك بالىلارنىڭ بەدىنى يېشىغا چۈشلۇق بولمامدۇ دەرسىز. ئەمما بۇ بالا تەڭتۇشلىرىدىن خېلى بەكلا ئورۇق ئىدى. بالا قارىماققا تۇغۇلغاندىن بېرى شەھەردىن چىقىپ باقمىغاندەك قىلاتتى. بەلكىم مەندەك چۈمۈلىنىڭ ئوردىسىنى سۇغا باستۇرۇپ باقمىغاندۇ؟ بەلكىم يىڭناغۇچلارنىڭ قانىتىنى ئۈزىۋېتىپ تاماشىسىنى كۆرۈپ باقمىغاندۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ مەن كىچىكىمدە چۈمۈلۈپ ئوينىغاندەك ئېرىقى، كۆتۈرىۋېلىپ ئاپىسىنى مەرىتىپ ئوينايدىغان بۇدرۇق پاقلىنى، قۇيرۇقىنى تارتىپ مىياڭلىتىپ ئوينايدىغان ئاسلىنى يوقتۇ؟
قانداقلارچە ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىۋەرگىنىمنى، خىياللار قاينىمىغا غەرق بولغىنىمنى بىلمەيمەن. بىرىگە ئۈسكەن چاغدا ئاندىن ئېسىمگە كەلگەندەك بولدۇم. «كەچۈرۈڭ» دەپ قويۇپ يەنە يولۇمغا راۋان بولدۇم. ئانا

بالىنى ئەگەشتۈرۈپ ئادەملەر ئارىسىدا قېيىقتەك ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىر لەڭپۇڭچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ــ ئاچا لەڭپۇڭدىن بىر تەخسە سېلىپ بېرەمسىز؟ــ دېدى ئايال لەڭپۇڭچىغا. لەڭپۇڭچى ئايالغا بىر قاراپ قويۇپ ئىچ ئاغرىتىپ قالدىمۇ قانداق لىقلاپ سېلىنغان بىر تەخسە لەڭپۇڭنى ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ئېڭىشىپ تۇرۇپ.

ـ قانچە پۇل بولدى؟

ــ بولدى. بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ــ ياق، پۇلنى ئالمىسىڭىز لەڭپۇڭىڭىزنى يېيەلمەيمەن، دېدى ئايال قەتئىيلىك بىلەن. ئايال بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بۇنداق مۇئامىلىلەرگە كۆپ ئۇچرىغاندەك قىلاتتى. چوكىنى سالماستىن بۇرۇن قانچە پۇل بولدى دەپ سوراۋاتاتتى. مېيىپ ئايال ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي پايپىقىنىڭ قېتىدىن بىر كويلۇق پۇلدىن ئۇچنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ لەڭپۇڭچىغا سۇندى. ئانابىلەن بالا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ لەڭپۇڭنى ئىشتىها بىلەن يېيمەكتە ئىدى. بۇ كۆرۈنۈش شۇنچىلىك يېقىملىق ھەم تەسىرلىك ئىدىكى، شۇ كەمدە بالا ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان باچكىغا، ئانا بالىسىنىڭ ئاغزىغا قۇرت سېلىۋاتقان كەپتەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئاپراتىمنى ئېلىۋالمىغىنىمغا ئۆكۈنمەكتە ئىدىم. مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ بۇنداق نادىر ئۈلگىسىنى خالىغان چاغدا ئۇچراتقىلى بولمايتتى. بالىغا ئەمدى مەسلىكىم كەلمەكتە ئىدى. كىم ئۇنىڭ سۇ ئۈزۈپ ئوينايدىغان ئېرىقى يوق دەيدۇ؟ ئەسلىدە ئانىنىڭ باغرى بالا ئۇچۇن توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق، بالا بولسا ئاشۇ ئېرىقتا خاتىرجەم ھالدا خۇشال ھەم غەمسىز ئۈزۈپ ئويناۋاتقان بېلىجان ئىكەن ئەمەسمۇ!

ئادەم دېڭىزى داۋالغۇپ ئاقماقتا، ئانا ـ بالا ئېقىنغا ئەگىشىپ ئۈزاپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارئاستا ـ ئاستا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان دېڭىزنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى...

***مۇھەررىر: شاھىمەردان مەمەتئېلى (2010)***

***كوررېكتور: ئىززەتگۈل مەمتىمىن (2011)***

# كەڭ مەنىدىكى ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە تىلشۇناسلىقى

ئابلىكىم مەمەت تەرجىمىسى (2011)

（王德春孙汝建姚远著/社会心理语言学/上海外语出版社）

(ۋاڭ دېچۈن، سۈن رۇجيەن ياۋيۈەن قاتارلىقلار تۈزگەن ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە تىلشۇناسلىقى دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى)

كەڭ مەنىدىكى ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە تىلشۇناسلىقى بولسا ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە قائىدىلىرىنىڭ تىل ساھەسىدە قوللىنىلىشىدىن بارلىققا كەلگەن بىر پەن. ئۇزۇندىن بېرى، ئىجتىمائىي ئادەم تىلشۇناسلىق ساھەسىدىن چەتكە قېقىلغان، كەڭ مەنىدىكى ئىجتىمائىي پسىخلوگىيە تىلشۇناسلىق تىلنى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ تىل تەتقىقاتىنىڭ پەقەت تىل بەلگە سېستىمىسىنىلا تەتقىق قىلىدىغان يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلايدۇ.

ساسسۇئېردىن باشلانغان تىلشۇناسلىق ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىجتىمائىي ئادەمگە سەل قارىغان. ساسسۇئېر شۇنداق قارايدۇكى، تىلشۇناسلىق «تىلنى بىردىنبىر تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ»، «تىل ئاڭنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر سېستىمىسى» ئۇ ئالدى بىلەن تىل ۋە گەپنى ئايرىۋالغان، بىراق گەپنى تىلشۇناسلىق پېنىنىڭ سىرتىدا قالدۇرغان. ساسسۇئېر بەلگىشۇناسلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تىل تەتقىقاتىنى بەلگىلەر بىلەنلا چەكلەپ قويغان. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى بولمىش ساسسۇئېر نىڭ تىل تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى چوڭ بولسىمۇ، بىراق ساسسۇئېر تىلشۇناسلىقىنىڭ كەمچىلىكى قۇرۇلما تىلشۇناسلىقى تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلماقتا. كېيىن، چومسكىي قاتارلىقلار تىل تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتىنى تەپەككۇردىكى ئادەم دەپ قارىغان، لېكىن ئىجتىمائىي ئادەمنى ئويلاشمىغان. شۇڭلاشقا چومسكىي «تىلشۇناسلىقنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى تەپەككۇردىكى سۆزلەۋاتقان ھەمدە ئاڭلاۋاتقان ئادەمدۇر، سۆزلىگۈچى تۇرىۋاتقان ئىجتىمائىي توپ ئىنتايىن ساپ، ھەم ئۇ ئادەم بۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ تىلىغا ئىنتايىن پىششىق، تىل بىلىملىرىنى ئەمەلىي ئىشلەتكەن چاغدا ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە، دىققىتىنىڭ چېچىلىپكېتىشىنىڭ كاشىلىسىغا، قىزىقىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تىل خاتالىقى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ». چومسكىينىڭ تەپەككۇردىكى ئادەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى رېئال تۇرمۇشتىكى كىشى ئۆزى تۇرىۋاتقان ئىجتىمائىي توپنىڭ تىلىغا يۇقىرى دەرىجىدە پىششىق بولۇشى، بۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ ھەم ئۇنچىۋالا يۇقىرى دەرىجىدە ساپ بولۇشى، ھەمدە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى، دىققىتىنىڭ چېچىلماسلىقى، قىزىقىشىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى، تاساددىپىي ياكى دائىملىق تىل ئىشلىتىشتىكى خاتالىقنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كىشى ھېچقانداق غىدىقلىنىش بولمىغان شارائىتتا ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، چومسكىينىڭ تەپەككۇردىكى ئادەم ھەرگىزمۇ يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى بىر كومپيۇتېرئىجتىمائىي ئادەم ئەمەس. تەپەككۇردىكى ئادەمنىڭ تىلنى تەتقىق قىلىشى دەل چومىنسكىي ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ ئەڭ باشتىكى تەتقىقاتى «كىم، قەيەردە، قانداق شەكىلدە، كىمگە، نېمە دېدى؟» دىگەندىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىكى يۆنىلىش ئىجتىمائىي ئادەمگە قارىتىلغان. بىراق

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ئوبيېكتىپ مۇھىتنىڭ رولىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ، تىل مۇھىتىنىڭ سۇبيېكتىپ ئامىللىرىغا سەل قارايدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ تىل مۇھىتى ئامىللىرى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ سۆز ئاكتىپلىقىنى قائىدىگە سالىدۇ، لېكىن ئادەم تىل ئىشلىتىشى ئوبيېكتىپ مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ھەرگىز ئۆز ئىختىيارىچە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق بىلىپ ـ بىلمەي «ئوبيېكتىپ مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىش» كوچىسىغا كىرىپ قالغان، پسىخولوگىيە تىلشۇناسلىقى سۆزلەش مېخانىزمى ۋە سۆزلەش ئادىتى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، ئۇنىڭ ئاساسلىقى ئادەمنىڭ ئەزاسى بولۇپمۇ ئادەم مېڭىسىنى ئوبيېكت قىلغان. ئۇ پسىخولوگىيەنىڭ ئاساسىي ئۇقۇملىرى ئارقىلىق ئادەمنىڭ تۇغما سۆزلەش ئىقتىدارى ۋە سۆزلەش ئادىتىنى مېخانىك ھالدا شەرھىلەيدۇ، ئەمما رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئادەمنىڭ سۆزلەش ئادىتىمېخانىزمىنى تەتقىق قىلىشقا سەل قارايدۇ. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق تەرەققىياتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزەتكەندە، بىلىشكە بولىدۇكى تىلشۇناسلىق يەككە بەلگىلەر سىستېمىسى تەتقىقاتىدىن ئىجتىمائىي ئادەم تەتقىقاتى تەرەپكە بۇرۇلماقتا، گەرچە ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ قاراتمىلىقى تولۇق ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىسىمۇ، تىل ۋە ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن تۇرۇپ يورۇتقىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ھەركىتىنى، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرسىدىكى ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋەتنى ھەمدە ئۆزئارا تەسىرنى تەتقىق قىلىدۇ. تىل ماھىيىتىدىن قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ بىر خىل جەمئىيەت ھادىسىسى، كىشىلەرنىڭ تىلنى ئىجاد قىلىشى ۋە قوللىنىشىدىكى بىرخىل ئىجتىمائىي ھەرىكەت، تىل كىشىلىك ئالاقىدىكى مۇھىم قورال ۋە كىشىلىك ئالاقىنىڭ قۇرۇلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل. تىلشۇناسلىقنىڭ بىر يېڭى كۆرۈش نۇقتىسى: تىل ۋە ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. كىشىلەر ئىجاد قىلغان تىل بەلگىللىرى سىستېمىسى (ئوبيېكت)ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ (سۇبيېكت)ئالاقە ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، ھەم ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ يوشۇرۇن تىل ئىقتىدارىنى قازىلايدۇ، مانا بۇ ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە تىلشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى.

ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە تىلشۇناسلىقىنىڭ بەرپا بولۇشى يېڭى بىر تىل پايدىلىنىش سىستېمىسى بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. بۇرۇنقى تىل تەتقىقاتىنىڭ ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل پايدىلىنىش سىستېمىسى بار ئىدى:

بىرىنچى: تىل بەلگىللىرىدىن پايدىلىنىش سىستېمىسى. مەسىلەن، قۇرۇلما تىلشۇناسلىقى. ئىككىنچى: تەپەككۇردىكى ئادەمدىن پايدىلىنىش سىستېمىسى. مەسىلەن، ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىشتىلشۇناسلىقى. ئۈچىنچى: ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي مۇھىتتىن پايدىلىنىش سىستېمىسى. مەسىلەن، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق. تۆتىنچى: تىل مېخانىزمىدىن پايدىلىنىش سىستېمىسى. مەسىلەن، پسىخولوگىيە تىلشۇناسلىق. بۇ تۆت خىل پايدىلىنىش سىستېمىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تىلنىڭ سۇبيېكتى بولغان ئىجتىمائىي ئادەمگە سەل قارىغان. ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە تىلشۇناسلىقىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى دەل ئۇزۇن مۇددەت سەل قارالغان ۋە مۇھىم بولغان تىلدىن پايدىلىنىش سىستېمىسى: ئىجتىمائىي ئادەم تىلشۇناسلىقى. ئۇ بۇرۇنقى پايدىلىنىش سىستېمىلىرى بىلەن بىرىكىپ ئۆزئارا تولۇقلايدىغان بىر نەزەرىيە سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا تىلشۇناسلىق ئاندىن ھەقىقىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. تىلشۇناسلىق كىشىلەرگە شۇنى بىلدۈرىشى كېرەككى، تىلشۇناسلىق ھەرگىزمۇ كىشىلەرگە سانسىزلىغان قائىدە ـ تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان، ئىشلەتكۈچىلەرنى پاسسىپ ھالەتتە قېلىپلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىتىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان نەرسە ئەمەس. تىل ئىنسانلارنىڭ قورالى، قوراللانغۇچىنى ئۆز قورالىغا بويسۇندۇرۇش بىرخىل نورمال بولمىغان ھادىسە. تىلشۇناسلىق بەلگىلەر سىستېمىسىدىن ئىجتىمائىي ئادەمگە يۈزلىنىشى كېرەك. ئىجتىمائىي پسىخلوگىيە تىلشۇناسلىقىنىڭ بەرپا بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەقسىتى دەل رېئال تۇرمۇشتىكى تىل ئىشلىتىشتىكى خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

50 ـ ۋە 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، ۋاڭ دې چۈن（王德春）تىل ئىشلەتكۈچى ئادەمنى، تىل مۇھىتىدىكى ئوبيېكتىپ ئامىلنى تىلشۇناسلىق پېنىگە ئېلىپ كىرىپ، ئېنىق قىلىپ «تىل ئىشلەتكۈچىنىڭ سالاھىيىتى ۋە تەپەككۇرىمۇ تىل ئىشلەتكۈچىنىڭ تىل ئىشلىتىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.» دەپ كۆرسەتكەن. (“使用语言的环境”载“学术研究”1964年第5期) «تىل مۇھىتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئامىللىرى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم ئامىللىرى يەنى: سالاھىيەت، كەسىپ، تەپەككۇر، تەربىيىلىنىش، مىجەز ـ

خارەكتىر، شارائىت، روھىي ھالەت قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ»، « ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ ئىچىدە تەپەككۇر، تەربىيلىنىش ۋەمىجەز ـ خارەكتىرنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭبولىدۇ. »
"语言学教程"山东教育出版社1987年版)
)«ئادەملەرنىڭ ئۆز ـ ئارا تەسىرى جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى. ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى سۆزلىشىش جەريانىدا پەيدا بولىدۇ. سۆزلىشىش جەريانىدا ئۆزئارا تەسىرلىشىدىغان ئىككى تەرەپ: سۆزلىگۈچى ياكى يازغۇچى، ئاڭلىغۇچى ياكى ئوقۇرمەنلەردە سۆزلىشىشنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە چۈشىنىلىشى ئۆزئارا تەسىرلىشىدۇ. بۇ جەريان ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، يەنە ھەم پسىخولوگىيە مېخانىزىمىنىڭ تەڭشىشىگە ئۇچرايدۇ.

"谈点社会心理语言学"载外语界1985年第3期) »
)دەپ كۆرسەتكەن. كونسېرى پىشىپ يېتىلىۋاتقان تىل ئىشلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسىي تەپەككۇر سۆزلەش مۇھىتى ئىلمى ۋە ئىجتىمائىي پسىخلوگىيە تىلشۇناسلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي نۇقتىنەزەرلەرنىڭ بىرى.

*شاڭخەي چەتئەل تىلى مائارىپى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، ۋاڭ دېچۇن، سۇن رۇجيەن ياۋيۇەن قاتارلىقلار تۈزگەن ئىجتىمائىي پىسخولوگىيە تىلشۇناسلىقى دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.*

*مۇھەررىر: گۈلمىرە ياقۇپ (2010)*
*كوررېكتور: زىبىرىدىسا سەلەي (2011)*

# « سادا» بىلدۈرگۈسى

*ژۇرنىلىمىزنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك چىقىشى ئۈچۈن تەھرىراتىمىزساۋاقداشلارغا تۆۋەندىكىلەرنى بىلدۈرمەكچى:*

1. ئەسەر ئەۋەتكۈچى ۋورد (Word)ھۆججىتىنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىسمى ياكى ئوقۇغۇچىلىق نومۇرى قىلىپ ژۇرنىلىمىز ئېلخەت ئادرېسىغا ئەۋەتىشى كېرەك. ئەسەر ئىچىگە ئىسمى ـ ئاتىسىنى تولۇق يېزىشى زۆرۈر. شۇنى قاتتىق ئەسكەرتىمىزكى ئىسمى ـ ئاتىسى تولۇق يېزىلمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2. ھەبىر ئەسەر ئەۋەتكۈچى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىملاسىغا چوقۇم كېپىللىك قىلىشى، ش ئۇ ئا ر تىل-يېزىق كومىتېتى 2009 ـ يىلى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى » بويىچە ئەسىرىنىڭ ئىملاسىنى خاتاسىز ھالغا كەلتۈرىشى شەرت.

3. خەت شەكلى بىردەك ALKATIP Basma بولۇشى لازىم. خەت چوڭلىقى 16 بولسا بولىدۇ. خەت بېسىشنى باشلاشتىن بۇرۇن « ئوڭدىن باشلاش » كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتسىڭىز، سىزنىڭ خەت بېسىشىڭىزغىمۇ ياخشى، بىزنىڭ تەھرىرلىشىمىزگىمۇ ياخشى.

4. ھەر بىر ئابزاس بىر تاب (Tab)بوشلۇق قويغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ.

5. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىدىكى سىزىقچىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە بىردىن بوشلۇق قويۇلىدۇ.

6. دىيالوگلاردا سىزىق (ـــ)بەلگىسى (Shift)بېسىلىپ سىزىقچە بەلگىسى ئىككى قېتىم بېسىلىدۇ)قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بىر بوشلۇق بەلگىسى قويۇلىدۇ.

كامالىي ئېھتىرام بىلەن

«سادا» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# غېرىب بىلەن جۇلتتا

ئابدۇرېھىم تۇردىمەمەت (2009)

(ھېكايە)

بۈگۈن شەنبە. ياتاقتا ئۆزۈم يالغۇز. باشقىلار سەھەردىلا قىز دوستلىرى بىلەن نەلەرگىدۇر غايىب بولۇشقانىدى. كۇتۇپخانىغا بېرىش ئۈچۈن ماتېرىياللىرىمنى سومكامغا سېلىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن يازغان كۈندىلىك خاتىرەم كىتابلار ئارىسىدىن غىل ـ پال كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى. بۇ خاتىرە مېنىڭ ئازابلىق ھەم شېرىن ئەسلىمىلىرىمنىڭ شاھىدى ئىدى. تۇۋا! ۋاقىت نەقەدەر تېز ئۆتكەن ـ ھە! ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتكىنىمگە، ياق، ئۇنىڭ مېنى تاشلاپ كەتكىنىگە ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى يىلدىن ئېشىپتۇ. مەن خاتىرىنى قولۇمغا ئېلىپ ئاستا ۋاراقلاشقا باشلىدىم. ھەربىر بەتنىڭ ئۈستىگە يىل، ئاي، كۈن ئېنىق يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن كۈندىن باشلانغان گۈزەل ئەسلىمىلەر خۇددى كىنو لىنتىسىدەك قەلب ئېكرانىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇنى قانداق ئۇچرىتىپ قالغانلىقىمدىن باشلاپ، ئۇنىڭغا قانداق مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقىمغىچە بولغان، شۇنداقلا مېنى شېرىن مۇھەببەت بۆشىكىگە بۆلىگەن ئۇنتۇلغۇسىز ۋاقىتلار، خاتىرە بېتىنىڭ ئۆرۈلىشىگە ئەگىشىپ، ئاستا ـ ئاستا خىيال ئالىمىمدە زاھىر بولماقتا ئىدى. نېمە دېگەن گۈزەل ۋاقىتلار ـ ھە! قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئورناپ كەتكەن قىزىقارلىق ھەم شېرىن ئەسلىمىلەر ئوخچۇپ چىقىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ، دەرسكە دىققەت قىلماي، مۇئەللىم: «ئون ئىككى مۇقامنىڭ رەتلىگۈچىسى كىم؟» دېسە، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئىسمىنى تۋۋلاپ سالغانلىقىم، ئۇنىڭ چېچىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، ماتېماتىكا مۇئەللىم تەرىپىدىن «ساتىراش» دېگەن ئاھانەتكە قېلىشىم، ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ماڭغان ئايدىڭ كېچىلەر، توپىلىق يوللار... ئىشقىلىپ تولۇق ئوتتۇرا ھاياتىمدىكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەربىر ئىش ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە سۈپىتىدە يۈرىكىمگە مۆھۈر بولۇپ بېسىلغانىدى. مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ قەلبىم ئىختىيارسىز ھاياجان دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق سىماسى، سەبىيلەرچە كۈلكىلىرى، ئۆلۈكنىمۇ كۈلدۈرىۋېتىدىغان قىزىقارلىق گەپلىرى، تاتلىق نازلىرى......

لېكىن «2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي 29 ـ كۈن، ھاۋا بۇلۇتلۇق» دېگەن قۇرلارغا كۆزۈم چۈشكەندە، خىياللىرىم تەلۋىلەشتى، خىيال ئاسمىنىمنى قارا بۇلۇتلار بېسىشقا باشلىدى. يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك نەپسىم سىقىلىشقا، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، خاتىرە تۇتقان قوللىرىم تىترەشكە باشلىدى. چۈنكى بۇ بەت ھاياتىمدىكى ئەڭ ئازابقا تولغان بىر كۈننىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، بۇ بەتكە بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ مەھشەر كۈنىدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرە كۆز ياشلىرىم بىلەن سىزىلغانىدى.

ئاستا خاتىرىنى ياپتىم ـ دە، كارۋىتىمدا ئوڭدا ياتقىنىمچە، تەگسىز خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدۇم، شۇ كۈندىكى دەھشەتلىك مەنزىرە كۆز ئالدىمدىن كېچىشكە باشلىدى:

ئالىي مەكتەپكە ئەمدىلا قەدەم قويغان ۋاقىتلار بولۇپ، ئۇ كۈنى بىز كەچلىك تاماق يەپ بولغاندىن

كېيىن، مەكتەپ قورۇسىدىكى چىغىر يولدا ئۇن ـ تىنسىز كېتىۋاتاتتۇق. بۇ ۋاقىتتا قۇياشمۇ ئاللىبۇرۇن ئۆز ياستۇقىغا باش قويغان بولۇپ، رەھىمسىز كۆز شاملى بىچارە غازاڭلارنى نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ تاشلىماقتا ئىدى. يولدا كېتىۋاتقان بىزدىن باشقا بىر جۈپلەر كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن بىر ـ بىرىگە ئەركىلەشكىنىچە كېتىپ باراتتى، لېكىن بىز ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بولسا ئېغىر سۈكۈنات. نېمشقىكىن ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلىشقا رايى يوقتەك قىلاتتى. تۇيۇقسىز قىزلارنىڭ چىرقىراپ سەت كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، يول بويىدا تۇرۇۋالغان بىر قانچە قىز قوللىرى بىلەن بىزنى كۆرسىتىپ، مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈشىۋاتاتتى. ئۇلار زادى نېمىگە كۈلىدىغاندۇ؟ بىز بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ ئاستا توختاپ، شەھلا كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە:

ــ سەن مېنى چىن دىلىڭدىن ياخشى كۆرەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ نېمە؟ ـ دېدىم مەن بۇ تۇيۇقسىز سورالغان غەلىتە سوئالدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ، ئەمەلىيەتتە، سېنى ياخشى كۆرىمەن، سەن ئۈچۈن ئۆلىمەن، سەن مېنىڭ جېنىم، دېگەندەك گەپلەرنى ئۇنىڭغا قانچە قېتىم دېگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن شېئىر ـ قوشاقلار يازغانىدىم.

ـئەگەر مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسەڭ، بۈندىن كېيىن ئوغۇل بالىدەك ياسىنىپ يۈر، ـ دېدى، كەسكىن ئاۋاز بىلەن.

مەن كىيىملىرىمگە قارىدىم، خېلى رەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم. ئۇ خۇددى ئۆگەي ئانا ئۆگەي بالىسىنى تىللىغاندەك قوللىرىنى شىلتىپ:

ـ بۈندىن كېيىن بۇ مەتۇ دوپپاڭنى كىيمە، زامانغا لايىق ياسىنىپ يۈر! بۇ سېنىڭ سەھرايىڭ ئەمەس، بۇ دېگەن چوڭ شەھەر، بۇ دېگەن ئالىي مەكتەپ! ـ دېدى زەردە قىلىپ.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يا كۈلۈشنى يا يىغلاشنى بىلەلمىدىم، مەن ئۇنى قايتىدىن تونۇۋاتاتتىم، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇرۇنقى « ئۇ » ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مېنىڭ دوپپام زامانغا لايىق ئەمەسكەن، دوپپا كىيسەم بەك مەتۇ كۆرۈنىمىشمەن، غەزىپىم قوزغىلىشقا باشلىدى. مەن بىر نەرسە دېگۈچە ئۇ يەنە:

ــ باشقىلار بىزنى « غېرىب بىلەن جۈلتتا » دەپ زاڭلىق قىلىدىكەن، مېنىڭ باشقىلارنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغۇم يوق، ئەگەر مەن دېگەندەك قىلالمىساڭ، بۈندىن كېيىن مېنى ئىزدىمە. ـ دېدى ـ دە، خوشمۇ دېمەيلا كېتىپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىماقچى بولدۇم، لېكىن ئاۋازىم چىقمايتتى، تەپەككۇرۇم قالايمىقانلاشتى، تىلىم گاچا، ۋۇجۇدۇم جانسىز، خۇددى جېنىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكەندەك. مەن ئۆزۈم چىن يۈرىكىمدىن كۆيگەن ۋە سۆيگەن ئادىمىمنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ۋە بۇنداق باھانىلەر بىلەن مېنى تاشلاپ كېتىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم، شۇ مىنۇتلاردىكى ھېسسىياتىمنى تىل ياكى قەلەم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتىم. ئۇ ۋاپاسىزغا نەپرىتىم قوزغالدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئۇنى تىللىغۇم، ئۇرغۇم كەلدى. لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم ھەم قىلالمايتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ يۈزىگە يەنە قايتا قاراشقا مېنىڭ يىگىتلىكىم يول قويمايتتى.

تۈگىمەس خىياللار قوينىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. مانا ھازىرغا قەدەر ئۇنى ئىزدىمىدىم، بۈندىن كېيىنمۇ ئىزدىشىم مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى مېنىڭ تاشقى قىياپىتىمنى، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇمنى ياخشى كۆرىدىغان ساختا يۈرەك ئۈچۈن ئۆز ئەسلىمنى، ئېتىقادىمنى يوقىتىش مەن ئۈچۈن نومۇس ئىدى. مەن قانداقمۇ ئۇ « جۈلتتا » نى دەپ، دادام ئۆز قولى بىلەن « ئەسلىڭنى ئۇنۇتما! » دەپ كىيگۈزۈپ قويغان دوپپامنى تاشلىۋېتەي؟ قانداقمۇ مېھرىبان ئانام مەڭزىمگە سۆيۈپ تۇرۇپ قىلغان نەسىھەتلەرنى ئۇنتۇپ قالاي؟ بۇنداق قىلىش مەن ئۈچۈن ھارام ئەمەسمۇ؟!

مەن دوپپامنى ئاستا قولۇمغا ئالدىم ۋە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم، نېمە دېگەن گۈزەل سەنئەت ـ ھە! خۇددى دۇنيادىكى بارچە گۈزەللىك ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەشكەندەك قىلاتتى. مەن دوپپامدىن ئاتا ـ ئانامنىڭ نۇرلۇق چىرايىنى، ئەجدادلارنىڭ روھىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ۋۇجۇدۇم كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، قەلبىم ھاياجانغا تولدى. چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، سۆيۈملۈك دوپپامنى كىيىپ، كۇتۇپخانىغا قاراپ يول ئالدىم.

*مۇھەررىر: ئالىمجان توختى (2009)*

*كوررېكتور: نۇربىيە ئابلا (2009)*

# شائىر قۇسۇرى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش

(تەكشۈرۈش دوكلاتى)
تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009)

## قۇسۇرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى

«قصور» (قۇسۇرى)ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، مەزكۇر سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەن. بىرىنچى مەنىسى كەمچىلىك، نۇقسان، ئەيىب، ئېۋەن. زەلىلي شېئىرلىرىدا مۇنداق ئىشلىتىلگەن:

بوستانۇ باغ جايىڭ، كۆشكى ھەرەم سارايىڭ،
ھەرقايسى بىر خۇدايىڭ، ئەقلىڭ قۇسۇر ئەمەسمۇ؟

مانا بۇ يەردە «قۇسۇر» سۆزى بىرىنچى مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى مەنىسى قەسىرلەر، سارايلار دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە «قۇسۇر» سۆزى «قەسىر» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. نەۋائىي مىسرالىرىدا مۇنداق كېلىدۇ:

چۇ بولدى تۆرت يىل گەردۇن مۇرۇرى،
ياسالدى تۆرت فىردەۋسۇ قۇسۇرى. ①

شائىر ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەردە گەرچە شائىر ئۆز تەخەللۇسىنى مەزكۇر سۆزنىڭ بىرىنچى مەنىسى بويىچە قوللانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن ئىككى خىل شەكىلدە: بەزى ماقالىلەردە «قۇسۇرى» شەكلىدە، بەزىلىرىدە «قىسسۇرى» شەكلىدە قوللىنىلىپ كەلگەن. بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، "قاب" بىلەن "سىين" نىڭ ئۈستىدە "پېش" كەلگەن. شۇڭا، ئۇنى «قىسسۇرى» دەپ ئېلىشقا بولمايدۇ. جەزمەن «قۇسۇرى» دەپ ئېلىنىشى كېرەك. مەلۇمكى شائىر مەزكۇر سۆزنىڭ بىرىنچى خىل مەنىسىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن. شائىرنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى سۆزىمىزنىڭ بېشىدا مۇشۇ نۇقتىنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتۇق.

شائىرنىڭ ئۆز ئىسمى «ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى» دۇر. ئۇ 1717 ـ يىلى قەدىمي تۇرپاننىڭ لۈكچۈن (ھازىر تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر بازار)رايونىنىڭ مەدرىسە ئالدى مەھەللىسىدە غوجامنىياز ئاخۇنلۇق دېگەن مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەينى چاغلاردا لۈكچۈن رايونى تۇرپان دائىرىسىدە مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. چۈنكى، ۋاڭلىقنىڭ مەركىزىمۇ، ئوردىسىمۇ مۇشۇ جايدا، مەشھۇر لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەسىمۇ دەل مۇشۇ جايدا ئىدى. شائىر ھەققىدە ئىزدەنگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ باشلانغۇچ ساۋادىنى ئەنە شۇ لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەسىدە چىقارغان. شائىر كىچىكىدىنلا زېرەك ۋە ئەقىللىق بالا بولغاچقا، ئۇنىڭ دادىسى غوجامنىياز ئاخۇنلۇق بۇ ئوغلىنىڭ چوڭ بولغاندا ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان كاتتا ئالىم بولۇشىنى ئىستىگەن. ئەھمەد لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەسىنى ئەڭ ئالىي نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دادىسى غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ئۇنى ئەينى چاغدا رايونىمىز بويىچە ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. شائىر كىچىكىدىنلا ئىلىمغا تەشنا كىشى بولۇپ يېتىلگەچكە، ئەۋزەل شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ھەمدە شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ، بولۇپمۇ پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل نامايەندىلىرىگە بولغان ئىشتىياق شەكىللەنگەن. شائىر قەشقەر

خانلىق مەدرىسەسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا ۋە ئۆزى دەسلەپ ئوقۇغان لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەسىگە كېلىپ باش مۇدەررىس بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي پىچان تۇرپان رايونىنىڭ ئەلەمئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ 20 ياشلىرىدىن باشلاپلا قوشۇرى تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. مىلادى 1827 ـ يىلى مەشھۇر شائىر ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قوشۇرى ئۆز يۇرتىدا 110 يېشىدا ۋاپات بولغان. شائىرنىڭ تالىپلىرى ۋە يۇرت ئەھلى ئۇنىڭ جەسىدىنى تۆيۇقتىكى ئەسھابۇلكەھف دېگەن جايغا دەپنە قىلىپ، ھەيۋەتلىك گۈمبەز قاتۇرۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى گۈمبەز ئالدىغا نەقىش قىلىپ يازغانىكەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، يېقىنقى زاماندا «كونىلىققا قارشى تۇرۇش» مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋە گۈمبىزى «ئاكتىپلار» تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغان، ئەمما ھازىرغا قەدەر يەرلىك خەلق بۇ جاينى «ئاخۇنلۇقۇم مازىرى» دەپ ئېھتىرام بىلەن تاۋاپ قىلىپ كەلمەكتە. ②

بىز بۇ قېتىم شائىرنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، شائىر ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى، مەشھۇر تېۋىپ ۋە ئەللامە غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ھېكايەتلەرنى ئاڭلىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدىن بىز رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىدىغان شائىرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەزمۇنلارنى ئايرىپ چىقتۇق. شۇ تەپسىلاتلاردىن قارىغاندا شائىرنىڭ ئاتىسى غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ئىلمسۆيەر كىشى بولۇپ، لۈكچۈن ۋاڭلىق ئوردىسىدا ئوردا تېۋىپى بولۇپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ زاتنىڭ ئۈچ ئوغلى بولغانىكەن، تۇنجىسى ئەھمەد، ئوتتۇرانچىسى مۇھەممەد باقى، كەنجىسى ئابدۇروسۇلئىكەن. غوجامنىياز باللىرىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە قىزىقىشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىگە خاس كەسىپلەر بويىچە ئۆسۈپ ـ يېتىلىش يولىنى بەلگىلەپ بەرگەنىكەن. چوڭ ئوغلى موللا ئەھمەد ئاخۇنغا ئالىم بولۇشنى، ئىككىنچى ئوغلىغا تېۋىپ بولۇشنى، ئۈچىنچى ئوغلىغا دېھقان بولۇشنى بەلگىلەپ بەرگەنىكەن. شۇڭا شائىر ئەھمەد غوجامنىياز ئوغلى قوشۇرى كاتتا ئالىم بولۇپ يېتىشكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىلىم ھەققىدە يازغانلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھازىرغىچە لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەنىڭ دەرسخانا ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان، شاگىرتلىرى تەرىپىدىن 1832 ـ يىلى چوڭ تاختايغا كۆچۈرۈلگەن چاغاتايچە قولىيازما ئۇنىڭ ئىلىم ھەققىدە يازغان شېئىرلىرىنىڭ پەقەت بىرىدۇر.



بۇ شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

**ئەبيات**

ئەي دىل، سەركەشتە تەۋاب ئەتكىل جانابى ئىلمنى،
ئىستەگىل غەمكىن سەن ئەز ئىشرەت شارابى ئىلمنى.

باغدىن مەقسۇد تاپماق، مېۋەدىن سەيرابلىق،
تەشنا بولما سۇ گۇمان ئەيلەب شارابى ئىلمنى.

خابۇ خوركەم، سۆزلەمەك كەم، سۆھبەتى ناجىنسى ھەم،
بۇ شارايىتلەر بىلەن بەرگۈك جاۋابى ئىلمنى.

ھەرنە قىلدى بىلمەدى، ئول ھەرنە بىلدى قىلمادى،
قايسى ھەسرەت كۆپ بۇ يەڭلىغ بىل ھېسابى ئىلمنى.

سۇبھىدەك سادىق نەفەستىن تىيرە بولماي ئىزدىسەڭ،
گەر كەمال ئەۋجىدە تالىئ ئەفتابى ئىلمنى.

ماھى كەنئان چاھىغە باشلار جاپاھى كارۋان،
بەھرى غەم ئىچرە تەلەۋ قىل دۇررى نابى ئىلمنى.

ساقى قىل كۆڭلۈڭ ھەۋايى ئابۇ ناندىن ئۇرما دەم،
ئىستەسەڭ ئائىنە يەڭلىغ ئافتابى ئىلمنى.

يۈز ئىشكىلەر باغى جەننەتتىن يۈزۈڭگە ئاچىلۇر،
كۆلبەئى مېھنەت ئارا يايساڭ كىتابى ئىلمنى.

ئەبتەرى ئادەمگە يەتكەي مالۇ ـ دۇنيا نىسبىتى،
سەرۋەرى ئالەمغە قىلغۇڭ ئىنتىسابى ئىلمنى.

مۇشكاب ئەل تەئىنەدىن ئازەردە دىل كۆرشانىدېك،
ھەل قىلۇردا خەتتى زۇلفى پىچتابى ئىلمنى.

ئىلىم بىرلە دەر ئىدىلىڭ ئەھمەد كۆتۈرگۈگىدۇر ھىجاب،
قايسى ئىش بىرلە كۆتۈرگۈگىدۇر ھىجابى ئىلىمنى.

دېمەك، شائىر ئىلىمنى ھەممىدىن مۇبارەك ئورۇنغا قويغان. شائىر دەيدۇكى، ئەي دىل، ئىلىمنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا تاۋاپ قىل. ئۇ شۇنداق نەرسىكى، ئىنسانلىقتىكىھەممىدىن ئارتۇق غەمكىنلىكنى كۆتۈرەلەيدۇ. سەن جاپا چېكىپ، مېھنەت قىلىپ، ئىلىم ئىگىلىسەڭ، كىتاب يازساڭ، كىتابلىرىڭنىڭ ھەر بېتىدىن جەننەتنىڭ يۈزلەپ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. شائىرنىڭ قارىشىچە ئىلىم ئىگىلەش ھەممىدىن بۈيۈك ئىبادەتتۇر.

شائىر ھەققىدىكىيەنە بەزى رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، شائىر ئەزەلدىن بايلىقنى دوست تۇتمىغان، پېقىر كۆڭۈللەرنى ۋە غېرىپ غۇرۋالارنى يۆلەپ ئۆتكەن. ئۇ ۋاقىتلىق مەدرىسەسىگە باش مۇدەررىس ۋە پۈتۈن تۇرپان رايونىنىڭ ئەلەمئاخۇنى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى كىرىممۇ خېلى يۇقىرى بولغان ئىكەن. ئەمما ئۇ ئاخۇنلۇقتىن كىرگەن كىرىمنى پۈتۈنلەي نامراتلارغا سەدىقە قىلىۋېتىپ، ئۆزى قۇرغان خارازدا ياغ تارتىپ كىرگەن كىرىمدىن ئائىلىسىنى قامدىغان ئىكەن.

قۇسۇرى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، ئىجتىمائىي ئەخلاق، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەر ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ قەلەم تەۋرەتكەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ «تەنبىھ»، «تىلەك»، «ئەفرىدۇن ۋاڭغا نەسىھەت»، «تىل ھەققىدە» ناملىق شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق تېمىلارغا بېغىشلانغان. شائىر تەنبىھ ناملىق شېئىرىدا جەمئىيەتتىكى بەزى ئەخلاقسىز، ئازغۇن كىشىلەرنى شەپقەتسىز ھەجۋىي قامچا ئاستىغا ئېلىپ، كىشىلەرنى ئەخلاققا ئۈندەيدۇ. مۇنۇ مىسرالارغا قاراڭ:

ئىشتىكىل مۇزيات (ئازار بەرگۈچى)دەپ شەھرى ئىچرە بىر گوروھ بار،
ئازازۇل ھەم بۇ قەۋمدىن بىشەك خۇدا بىزار.

ھەمە ئىمانى بار ئەلنىڭ ئېرۇر پەرزەنتلىرى لەيكىن،
مۇسۇلمانچە ئىگىلىنى ھەم كىيۇرلەر خەلق ئارا ناچار.

ئاناسىغا بۇلارنىڭ كۆپ چەقىلغان چېغى بار ئىبلىس،
ئىشەك ئاۋازىدەك ھەر دەم قۇلاقلارغا بېرۇر ئازار.

يۇرۇرلەر ئەۋۋەل ئاخشام كۇرسۇك ئىتتەك گوس پۇراپ ھەريان،
سەھەردە ئاچ مۇشۇكتەك تۇل خوتۇنلارغە بېرۇر ئازار.

مۇسۇلمانلار يانىدىن ئۆتسە ھەرگىز بىر سالام قىلماس،
قىمارۋاز ئوغرىلار ئۆتسە سەجدە قىلماقلىق ئەمەستۇر ئار.

يامانىنى كۆرسىلەر دەرلەر كېلىپتۇ مەككىدىن ھاجى،
ۋەلەيكىن ياخشىلاردۇر كۆزلەرىغە باش كېسەر كۇففار.

كىتابتىكى ياخشى سۆزلەر قارغا ئاۋازىچە خۇشياقماس،
ۋەلېكىن غېيبەتۇ، بېھۇدە سۆزنى قۇتبىدەك ئاڭلار.

سېسىق شوپاڭ بۇلارغە خان غوجامنىڭ خانىقاسىدۇر،
ئېرىغسىز ئاشپۇزۇلنىڭ لۆڭگىسىدۇر بىر ئۇلۇغ داستار.
يېمەك ئىچمەك بۇلار نەزرىدە گويا روزى يەڭلىغ پەرز،
ئوغرىلىقچە زىنا قىلماق بۇلارغا سۈننەتى مۇختار.

ئۇلارغا سەككىز ئۇچماق نېئمەتى بىر سويما چاغلىغ يوق،
ئەمەستۇر يەتتە دەۋزاخ شىددىتى بوغۇن چاققانچىلىك دىشۋار.

ئوغرىلىقنى زاكات بەرگەندىن ئارتۇق بىلۇرلەر شان،
كىشىنى ئاغرىتىپ ئالغان غازات قىلغانچىلىك ئېتىبار.

ئىلاھا، پادىشاھا، كىدىكارا، ھەييۇ قەييۇما،
ھەزىن ئەھمەدنى ھەم قىلما گۇناھ بىرلە ئۇلاردەك خار. ③

## قۇسۇرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى ھەققىدە

شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن مۇنداق بىر مەسىلىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپىمەن. شائىر ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرىنىڭ «تىلەك» ناملىق بىر شېئىرى ئىمىن سەيپۇللا ئەپەندى نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «رەۋزەتۇززوھرا» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. ھالبۇكى، خوتەن شەھرىدە ئۆتكەن كىلاسسىكلىرىمىزدىن بىرى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا مۆجىزى تەرىپىدىن يېزىلغان «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق كىتابىنىڭ تېكىست قىسمىنىڭ بېشىدا «مۇناجات» نامىدا ئەينى شېئىر ئۇچرايدۇ. تۆۋەندە ئىككى كىتابتىكى شېئىرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

**تىلەك**

مەقسۇدسەن، سەن ئەي خۇدا،
مەھبۇب سەن، سەن ئەي خۇدا،

مەسجۇد سەن، سەن ئي خۇدا،
سەن ـ سەن ماڭا پەريادرەس.

سەن ـ سەن ئىلاھىم ئي خۇدا،
سەن ـ سەن پەناھىم ئي خۇدا،
سەن ـ سەن گۇۋاھىم ئي خۇدا،
سەن ـ سەن ماڭا پەريادرەس.

ئي رازىقى، ھەييۇل قەدىم،
كەچۈرگۈچى سەن سەن كەرىم،
ھاجەت راۋا قىل ئي رەھىم،
سەن ـ سەن ماڭا پەريادرەس.

بىھەد قىلىپدۇرمەن گۇناھ،
ھەردەم ئۇرۇپ پەريادۇ ئاھ.
مەھشەر كۈنى نامەم سىياھ،
سەن ـ سەن ماڭا پەريادرەس.

بويۇڭ تېپىپ ۋەقتى سەھەر،
كويۇڭدا تارتسام نەئرىلەر.
چۈن جىستىجۇيۇڭ دەربەدەر،
سەن ـ سەن ماڭا پەريادرەس.

ئەبزەل ماكانى بىقارار،
غەمكىن بولۇپ ھەيرانۇ ـ زار،
فۇرقەتتە يىغلاپ زارۇ ـ زار.
سەن ـ سەن ماڭا پەريادرەس.

ئاسي قۇلۇڭدۇرمەن فەقىر،
جاپىي قۇلۇڭدۇرمەن ھەقىر،
نەپس ئىلكىدە بولدۇم ئەسىر،
سەن ـ سەن ماڭا پەريادرەس. ④

**مۇناجات**

مەقسۇد سەنسەن ئي خۇدا،
مەئبۇد سەنسەن ئي خۇدا،
مەسجۇد سەنسەن ئي خۇدا،
سەنسەن ماڭا فەريادىرەس.

ئاسى قۇلۇڭدۇرمەن فەقىر،
جافى قۇلۇڭدۇرمەن ھەقىر،
غەم ئىلكىدە بولدۇم ئەسىر،
سەنسەن ماڭا فەريادىرەس،

ئەي رازەتى ھەييە قەدىم،
كەچۈرگەيسەن ئەي رەھىم،
ھاجەت راۋا قىل ئەي كەرىم،
سەنسەن ماڭا فەريادىرەس.

ئىشقىڭنى دىلغە قىل ئەتا،
چالغۇم سەتار بىرلە دۇتا،
ئەفۇ ئەيلە مەندە بار خەتا،
سەنسەن ماڭا فەريادىرەس.

مۇئىجىز ئاشىقى بىقارار،
يالباردى سەنگە بىرۇبار،
رەھمىڭغە ئەتدىم ئىنتىزار،
سەنسەن مەڭا فەريادىرەس. ⑤

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىن مەلۇمكى، ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرنىڭ مۇئەللىپلىكىگە تەۋە دەپ قارالغان «تىلەك» ماۋۇزۇلۇق شېئىر بىلەن موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا مۆجىزنىڭ قەلىمىگە تەۋە دەپ قارالغان «مۇناجات» دېگەن شېئىرنىڭ 1 ـ مىسراسىدىن 4 ـ مىسراسىغىچە، تەرتىپىمۇ، شەكىل جەھەتتىنمۇ پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. پەقەت ئىككىنچى مىسرانىڭ بېشىدىكى بىر سۆزدە پەرقلىنىدۇ. قۇسۇرنىڭ قەلىمىدە مەزكۇر سۆز «مەھبۇب»، مۆجىزنىڭ ئەسىرىدە «مەئبۇد» دەپ ئېلىنغان. قۇسۇرنىڭ 5 ـ مىسراسىدىن 8 ـ مىسراسىغىچە مۆجىزنىڭكىدە كۆرۈلمەيدۇ. قۇسۇرنىڭ 9 ـ مىسراسىدىن 12 ـ مىسراسىغىچە بولغان بۆلەك مۆجىزنىڭكىدىمۇ 9 ـ 12 مىسرالاردا ئۇچرايدۇ. قۇسۇرىدا 9 ـ مىسرا «ئى رازىقى ھەييۇل قەدىم» مۆجىزىدە «ئەي رازەتى ھەييە قەدىم». بۇنىڭدا قۇسۇرىدىكىسى توغرا. چۈنكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «رازەت» دېگەن كەلىمە يوق. «رازىق» (رىزىقلاندۇرغۇچى)دېگەن كەلىمە بار. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «ھەييە» سۆزى يوق، بەلكى «ھەييۇل» دېگەن ئەرەبچە سۆز مەۋجۇت. 10 ـ مىسرادا ئەڭ ئاخىرقى سۆز قۇسۇرىدا «كەرىم» دەپ ئېلىنغان. مۆجىزىدە «رەھىم» دەپ ئېلىنغان. 11 ـ مىسرانىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى سۆز قۇسۇرىدا «رەھىم» دەپ ئېلىنغان بولسا، مۆجىزىدە «كەرىم» دەپ ئېلىنغان.

قۇسۇرىدا 13 ـ مىسرادىن 24 ـ مىسراغىچە بولغان بۆلەك مۆجىزىدە كۆرۈلمەيدۇ. قۇسۇرىدا 25 ـ مىسرادىن 28 ـ مىسراغىچە بولغان بۆلەكمۆجىزىدە 5 ـ مىسرادىن 8 ـ مىسراغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆرۈلىدۇ. بۇ ئىككى ئوخشاش تۆت مىسرادا ئۈچىنچى مىسرادىكى «نەفس ئىلكىدە بولدۇم ئەسىر» مۆجىزىدە «غەم ئىلكىدە بولدۇم

ئەسىر» دېيىلگەن. مۆجىزىدە 13 ـ مىسرادىن 16 ـ مىسراغىچە قوسۇرىدا كۆرۈلمەيدۇ.

ئەھمەد غوجامنىياز ئوغلى قوسۇرىنىڭ «تىلەك» ناملىق شېئىرى بىلەن موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «مۇناجات» ناملىق شېئىرىدىكى بۇ ئوخشاشلىق نەدىن كەلگەن؟ بىزنىڭ دەسلەپكى مۇلاھىزىمىزچە تۆۋەندىكىدەك ئېھتىماللىقلار بولۇشى مۇمكىن.

1. ئەھمەد غوجامنىياز ئوغلى قوسۇرى مىلادى 1717 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1738 ـ يىللاردىن باشلاپ شېئىر يازغان. ھالبۇكى، موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا مۆجىزى مىلادى 1854 ۋە 1855 ـ يىللىرى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق رىسالىسىنى يېزىپ قالدۇرغان. دېمەك، مۆجىزى 19 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئىككىسىنىڭ ياشىغان ۋاقتى ئارىسىدا يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخي مۇساپە ياتىدۇ.

2. بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزدىن قارىغاندا، قوسۇرىنىڭ ئۇرۇغ ـ ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئۇنىڭ «تىلەك» ناملىق شېئىرىنى بوگۈنگىچىلا يادقا ئوقۇپ دېكلاماتسىيە قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىردەك قارىشىچە مەزكۇر شېئىر قوسۇرىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپتۇر.

3. يەنە بىر ئېھتىماللىق شۇكى، بۇ شېئىر 2 ـ ئويغىنىش دەۋرىدىكى مەشھۇر كىلاسسىكلىرىمىزدىن بىرىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇشى ئېھتىمال. ئۇ مۆجىزى دەۋرىگىچە ھەرقايسى جايلاردا ئۆز تەسىرىنى يوقاتماي كەلگەن بولسا، قوسۇرى ۋە مۆجىزىدىمۇ ئۆزگىچە خاس شەكىل بىلەن قايتا ئىجاد قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككى مۇئەللىپنىڭ قەلىمىدىكى ئوخشاش بىر شېئىرنىڭ تۈپتىن ئوخشىمىغان بۆلەكلىرى ئەنە شۇنداق بىر ئېھتىماللىققا يول ئاچىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى، ئەگەر بۇ ئەسەر ئېيتقىنىمىزدەك تېخىمۇ قەدىمقى مۇئەللىپلەرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولسا، ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك. ناۋادا، قوسۇرىدىن ئىلگىرىكى كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ قەلىمىدە مەزكۇر شېئىر كۆرۈلمىسە، ئۇ ھالدا بۇ شېئىر قوسۇرىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ دەپ بېكىتىلىشى كېرەك.

4. مۆجىزىدە، قوسۇرىدا تىلغا ئېلىنمىغان بەزى مىسرالار، بولۇپمۇ «ئىشقىڭنى دىلغە قىل ئەتا، چەلغۇم سەتار بىرلە دۇتا، ئەفۇ ئەيلە مەندە بار خەتا، سەنسەن ماڭا فەريادرەس» دېگەن مىسرالار «مۇسىقي» بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۆجىزىنىڭ ئۆز قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن.

چۈنكى «مۇزىكانتلار تارىخى» يېزىلىدىغان بۇ رىسالىدە، مۇقەددىمە قىسمىدا «مۇناجات»ئورنىدا مۆجىزىنىڭ «ئىشقىڭنى دىلىمغا كىرگۈزگىن، مەن ساتار بىلەن دۇتارنى چالاي، مەندە خاتالىق ناھايىتى كۆپ، ئەپۇ قىلغىن، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن پەرۋەردىگار. » دېگەن مەنالار دەل شۇ ۋەجىدىن يېزىلغاندۇر. قوسۇرىنىڭ «تىلەك» ناملىق شېئىرىدىكى پۈتۈن مەزمۇن ئاللاھ مەدھىيىسى ۋە تەسەۋۋۇپ ھېكمىتىگە يول بېرىدۇ.

گەپنىڭ ئۆزگە كەلسەك، شائىر قوسۇرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلىرى (ھەممىسى شېئىرىي ئەسەرلەر)ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھەرخىل ھەرىكەتلەردە كۆيدۈرۈلگەن بولسىمۇ (بۇنىڭ ئىچىدە بىر تارىخي تەزكىرىسىمۇ كۆيدۈرۈلگەنمىش)، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بەزىلىرىنى يوشۇرۇپ قالغان. 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ، پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ كادىرى، ئوقۇمۇشلۇق زات مەرھۇم ئىمىن سەيپۇللا قوسۇرىنىڭ بەزى قوليازمىلىرىنى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بەزى قولىيازمىلارنى يىغىپ توپلىدى ۋە نەشىرگە تەييارلىدى. نۇرغۇن تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن دالانكارىز بەشتامدىكى شائىرنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىدىن بولغان مەئمۇر بەگنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان «رەۋزەتۇززوھرا» ناملىق داستانىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ، نەشىرگە تەييارلىدى. ئىمىن سەيپۇللا ئەپەندى قولغا چۈشۈرگەن بۇ قولىيازمىمۇ باشقا خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر قولىيازمىدۇر. شۇ چاغدا، ئىمىن سەيپۇللا ئەپەندى بۇ داستانغا قوشۇپ شائىرنىڭ توققۇز پارچە شېئىرىنى ترانسكرىپسىيە قىلىپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا 1990 ـ يىل 3 ـ ئايدا نەشر قىلدى. ئۇ توققۇز پارچە شېئىرى «مۇھەممەد ئەفرىدۇن ۋاڭ بېگىم مەدھىيلەرىدە»، «ئىلىم ھەققىدە»، «تەنبىھ»، «لۈكچۈن دۆلەتباغ ھەققىدە مۇخەممەس»، «ئەسھەبۇلكەھف ھەققىدە مۇخەممەس»، «ئىلتىجا»، «تىلەك1»، «تىلەك2»، «ئەفرىدۇن ۋاڭغا نەسىھەت» قاتارلىقلاردۇر.

بۇ قېتىم بۇرۇن رەتلىنىپ ۋە نەشىر قىلىنىپ بولغان مەنبەلەر ئىزدىنىپ مېڭىپ، شائىرنىڭ «رەۋزەتۇززوھرا» داستانىنىڭ شائىر قەلىمىدىكى ئەڭ مۇكەممەل بىر نۇسخىسىنىڭ لۈكچۈن ئامانشاھدىكى ئەنەس قارىنىڭ ئۆيىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. ئەنەس قارىي شائىرنىڭ كېيىنكى ئەۋلاد تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، بۇ قولىيازمىنى ئىنتايىن پۇختا ۋە پىنھان ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە،

«رەۋزەتۇززوھرا» داستانى 3000مىسرادىن تەشكىل تاپقان خېلى چوڭ ھەجىملىك داستان بولۇپ، مەزكۇر كونا قولىيازما ناھايىتى قىممەت پۇلغا يارارمىش (ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە 24 مىليون). قولىيازمىنىڭ ئۆيىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئەنەس قارى قولىيازمىنى رەسىمگە تارتىش ياكى كۆرۈپ بېقىش تەلىپىمىزنىمۇ رەت قىلدى. (بىزدىن ئىلگىرى بەزى كىشىلەرگە قولىيازمىنى كۆرسەتكەن)نەتىجىدە، بىز بۇ كىشىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنى بۇ كىشىگە نەسىھەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ قايتتۇق.

ئۇزۇن يىل پىچان ئۇلۇغتۇر مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋە ئۇلۇغتۇر مەدرىسسەسىنىڭ مۇدەررىسى بولغۇچى غوجامنىياز ھاجىمنىڭ (بۇ كىشىمۇ ئەھمەد ئاخۇنلۇقنىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر)قولىدا، شائىرنىڭ بەزى قىسقا شېئىرلىرى ۋە «ئايخان» ناملىق داستانى ساقلاقلىق ئىكەن. ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ كىشى شائىرنىڭ نەسەبى ھەققىدە بىر تەزكىرە تۈزگۈزگانمىش. پىچان ناھيىسىدە مەزكۇر تېما ھەققىدە تەكشۈرۈشتىن سەل ئىلگىرى غوجامنىياز ھاجىم بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر ھەققىدە ئەۋلادلىرى بىلەن بىۋاستە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

بۇلاردىن باشقا، لۈكچۈن خانلىق مەدرىسسەسى، مەدرىسسە ئالدى مەھەللىسىدىكى ئابدۇل ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، شائىرنىڭ يەنە بىر «دالال ھەيرەت» ناملىق داستانىمۇ بارمىش. ئەمما تەكشۈرۈش ۋاقتى ۋە باشقا ئىمكانلىرىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى، مەزكۇر داستان ھازىرغىچە بارمۇ ياكى يوقىلىپ كەتتىمۇ، بار بولسا كىمنىڭ قولىدا بار ئىكەنلىكىگە ئائىت كونكىرت ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلمىدىم.

پىچان ناھيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىمىن سەيپۇللا ئەپەندىنىڭ باللىرىنىڭ قولىدا ئەينى چاغدا مەئمۇر بەيدىن ئېلىنغان «رەۋزەتۇززوھرا» نىڭ كۆچۈرۈلگەن قولىيازمىسى بار ئىكەن. ئەمما تەكشۈرۈشكە بارغان ۋاقتىمدا باللىرى سىرتتا بولغانلىقى سەۋەبلىك قولىيازمىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم.

مەلۇمكى، تارىختا ياشاپ ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان، قىممەت ياراتقان بۈيۈك كىشىلەر ھەققىدە خەلق ئىچىدە تالاي قىسسىلەر ۋە رىۋايەتلەر تارقالغان بولىدۇ. شائىر ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قىسسۇرىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت ۋە قىسسىلەرمۇ شائىرنىڭ يۇگۇنكى تۇغقانلىرى ھەممىدە تۇرپان، پىچان، لۈكچۈن، دالانكارىز، لەمجىن، تۇيۇق قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كەلمەكتە. بىز بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا، بەزى رىۋايەتلەرنى خاتىرىگە ئالدۇق. بۇلاردىن بىرى مۇنداق قەيت قىلىنىدۇ:

« ھەر جۇمە كۈنلىكى لۈكچۈن خانلىق مەدرىسسەسى ۋە تۇيۇق غوجامدا ۋەز ئېيتىلىدىكەن. بىر كۈنى غەيرىي بىر ئىش يۈز بېرىپتۇدەك. قۇسۇرى لۈكچۈن خانلىق مەدرىسسەسى ۋە تۇيۇق غوجامدا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ۋەز ئېيتقانمىش. لۈكچۈنلۈكلەر قۇسۇرىنىڭ لۈكچۈن خانلىق مەدرىسسەسىدە ۋەز ئېيتقانلىقىدا چىڭ تۇرسا، تۇيۇقتىكىلەر قۇسۇرىنىڭ تۇيۇقتا ۋەز ئېيتقانلىقىدا چىڭ تۇرارمىش. بۇنىڭغا ھەيران بولغان كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلمەك بولۇپ، كېيىنكى جۈمەگىچە ساقلاپتۇمىش ۋە دەرۋەقە ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلگەنمىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەۋليالارنىڭ سىرى ئاشكارىلانسا ھاياتى ئاخىرلىشارمىش. قۇسۇرىنىڭ سىرى پاش بولغاندىن كېيىن 110 يېشىدا ۋاپات بولغانمىش. »

بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا قۇسۇرىنىڭ بۈگۈنكى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى، قۇسۇرى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە دەپ بىلىنگەن كىشىلەرنى نۇقتىلىق ھالدا تەكشۈرۈپ، مەزكۇر شائىرنىڭ ھاياتى، كېلىپ چىقىشى ۋە كۈنىمىزگىچە ئۇلاشقان ئەسەرلىرى، ئۇلارنىڭ ئېلان قىلىنغانلىرى ۋە تېخىچە يورۇقلۇققا چىقمىغان ئەسەرلىرى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئۇچۇرلارغا ئىگە بولدۇم. بولۇپمۇ، شائىرنىڭ تېخى بىز بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن بەزى ئەسەرلىرىنىڭ كىملەردە ساقلىنىۋاتقانلىقىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توپلىدىم. نەتىجىدە مەزكۇر دوكلاتنى سىزلەرگە سۇنۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم. كەڭ تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا قولايلىق ئېلىپ كېلىش ئۈمىدىدىمەن.

پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:

1. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، تۈزگۈچىلەر: مۇھەممەد تۇرسۇن باھاۋۇددۇن، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، ئابلىمىت ئەھەد. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى. 507 ـ بەت.

2. ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «قۇسۇرى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدئىيلىكلىرى ۋە پەلسەپىۋىي ئىدىيىسى»، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان. 72 ـ بەت.

3.. قۇسۇرى، «رەۋزەتۇززوھرا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 126 ـ 127 بەتلەر.

4. قۇسۇرى، «رەۋزەتۇززوھرا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 141 ـ 142 بەتلەر.

1. ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىئمەتۇللا مۆجىزى، «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. 23 ـ 24 بەتلەر. نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر.

**شائىر ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق تەتقىقاتلار كاتالوگى:**

1. «<رەۋزەتۇززوھرا> دىن پارچە»، بۇلاق ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 2 ـ سانى. ئىمىن سەيپۇللا نەشرگە تەييارلىغان.

2. قۇسۇرى: «رەۋزەتۇززوھرا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. 1990 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن سەيپۇللا.

3. قۇسۇرى: «رەۋزەتۇززوھرا»، 2011 ـ يىل 3 ـ ئاي، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى نەشرى. (ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى ـ 2). نەسرىيلەشتۈرگۈچى: مۇھەممەد مەتنىياز دانىش.

4. ئىمىن سەيپۇللا: «شائىر قۇسۇرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا»، تۇرپان ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

5. ئابدۇرېھىم سابىت: «قۇسۇرى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 ـ كىتاب، 1 ـ قىسىم)ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى. 1983 ـ يىل باستۇرغان.

6. غەيرەتجان ئوسمان: «قۇسۇرى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.

7. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئەھمەد غوجامنىياز ئوغلى <قۇسۇرى>»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى.

8. ئىمىن سەيپۇللا، ھېلىمنىياز قادىر: «شائىر قۇسۇرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيتى توغرىسىدا»، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان.

9. «شائىر ئەھمەد غوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرى»، «پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 4 ـ توپلىمى. 1991 ـ يىل باسمىسى.

10. غەيرەتجان ئوسمان: «قۇسۇرى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 ـ يىلى نەشرى.

11. ئەشرەپ ئابدۇللا: «قۇسۇرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3)ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى.

12. غەيرەتجان ئوسمان: «قۇسۇرى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (2)ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. 1996 ـ يىل بېسىلىشى.

13. ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئەھمەد غوجامنىياز ئوغلى قىسسۇرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى.

14. مۇھەممەد ئىمىن: «ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرى»، «تۇرپان ۋاگلىرى» 1997 ـ يىل باسمىسى.

15. «رەۋزەتۇززوھرا»، <تۇرپان ژۇرنىلى>1982 ـ يىللىق 2 ـ سان. 1985 ـ يىل 3 ـ سان. ئىمىن سەيپۇللا نەشرگە تەييارلىغان.

16. ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «قۇسۇرى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكلىرى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسى». <تۇرپان> 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان.

*مۇھەررىر: ئالىمجان توختى (2009)*

*كوررېكتور: مەرۋايىت مەمەتئابدۇللا (2011)*

# شېئىرلار

ئابدۇللا تۇرسۇن بىخلانى (2012)

## ئىمتىھانلار سىنايدۇ

سىناق تولا ئالدىڭدا جاھان سېنى سىنايدۇ،
ماڭساڭ ئەگەر بىر قەدەم سوئال ـ سوراق سورايدۇ.
سورىقى بار ھەممىنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشىڭنىڭ،
ھايات ئۆزى ئىمتىھان، ھەر چاغ سېنى سىنايدۇ.

ئۆتمەك قىيىن سىناقتىن، ئەيلە ھەزەر سىناقتىن،
خاتا باسساڭ بىر قەدەم ساۋاق بېرەر تاياقتىن.
ئۇچراپ تۇرار ھەر جايدا زېرىكسەڭمۇ ھاياتتىن،
بۇدۇنيادىن كەتسەڭمۇ ئۇ دۇنيادا سىنايدۇ.

## باشلىق غوجام بالىلىرى

(ساتىرا)

سورايدىكەن جاھاننى باشلىق غوجام بالىلىرى،
بىخارامان ياشايدۇ باشلىق غوجام بالىلىرى،
شاھلار كەبى تەكەببۇر باشلىق غوجام بالىلىرى،
ئۆزىدىكەن ئاينىمۇ باشلىق غوجام بالىلىرى.

ماڭمايدىكەن تۈز يولدا، لېكىن داغدام يوللىرى،
«توققۇزى تەل» بەگلەردەك، «لەببەي» ئىكەن قۇللىرى،
خەجلىسىمۇ تۈگىمەي، تۇغىدىكەن پۇللىرى،
نەگە بارسا ئەتىۋار باشلىق غوجام بالىلىرى.

باشلىق بولغاچ دادىسى، ھەر بىر سۆزى پەرمانىمىش،
ئىچىشلىرى مەي ـ شاراب، يېيىشلىرى گۆشنانىمىش،
يانلىرىدا ھەر زامان نازىنىنلار تەييارمىش،
ئولتۇراركەن داچىدا باشلىق غوجام بالىلىرى.

ئوقۇپ كەلسە تەيياركەن ئىشلەيدىغان خىزمىتى،
«خوش، خوش...» خوجام كېلىدۇ دەپ ئالىي ئىكەن ھۆرمىتى،
قانداق گەپبۇ بىلمىدىم، يوقمۇ ئوقۇش قىممىتى،
ئىشلىرى ئوڭ گېپى چوڭ باشلىق غوجام بالىلىرى.

توپا يولدا ماڭمايدۇ پاياندازلار سالمىسا،
ماشىنىدىن چۈشمەيدۇ ناغرا ـ سۇناي چالمىسا،
چاقىرسىمۇ كەلمەيدۇ قوي ـ كالىلار سويمىسا،
ياراتمايدۇ گادايىنى باشلىق غوجام بالىلىرى.

خەجلەيدىكەن غازاڭدەك، بۇزۇپ چېچىپ دوللارنى،
گۇمران قىلىپ ياشايمىش ھەيۋەتلىك شۇ تاغلارنى،
قېقىۋەتتى، قۇرۇتۇپ قاقشال قىلىپ باغلارنى،
كېچە ـ كۈندۈز تاماشا باشلىق غوجام بالىلىرى.

يەتتە يەردە ئۆيى بار، سەككىز يەردە خوتۇنى،
يانار تاغدەك يالقۇنلاپ كۆيىدىكەن ئوتۇنى،
بىرى تۇتسا بېشىنى بىرى تۇتار پۇتىنى،
جەننەت كەبى تۇرمۇشى، باشلىق غوجام بالىلىرى.

***مۇھەررىر: رۇقىيە تۇرسۇن ئايقۇت (2010)***
***كوررېكتور: ئابلىكىم مەمەت (2011)***

# شائىر يازغۇچى ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە ھەققىدە

ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە 1970 ـ يىلى بۆرتالادا تۇغۇلغان بولۇپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپىنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىدە ئوقۇغان. ھازىر بۆرتالا شەھىرى ئوتتۇبۇلاق بازارلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە تەشۋىقات خادىمى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە جىمجىتلىق ئىچىدە تىنىمسىز ئىزدەنگۈچى، ئۆزىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى 1993 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، بۇ يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئىجادىيتى قايتا جانلانغان مەزگىل ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى ئەنە شۇ جۇشقۇن مەزگىلگە توغرا كەلگەچكە، ئۇمۇ باشقا ئىجتىھاتلىق ئاپتورلارغا ئوخشاش ئالدى بىلەن نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىشنى ئۆزلۈكسىز سىناق قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان، ئەنئەنىۋىلىك بىلەن يېڭىلىقنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلىشى ئاساسىدا روياپقا چىققان «ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى»، «چىرايلىق تەقدىر»، «ئۆزۈمگە بېغىشلاپ» قاتارلىق شېئىرلىرى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ شېئىرلاردىكى شەكىل گۈزەللىكى بىلەن مەزمۇن تېرەنلىكى ئۇنىڭ شېئىرىيەت سەپىرىنىڭ پارلاق كەلگۈسىدىن روشەن بېشارەت بەرگەنىدى.

ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە تۇنجى ئېلان قىلىنغان بۇ شېئىرلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن ياقتۇرۇپ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ ئىلھامىدا ئۆزلۈكسىز ئۆگەندى، ئىجاد قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىجادىيەت بوستانى رەڭمۇ رەڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ خۇش ھىدلىرى بىلەن يىلدىن ـ يىلغا موللاشتى. ئۇنىڭ «ئالتۇن كەشى يىتكەن قىز» ناملىق ھېكايىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 7 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىپ، پىروزىچىلىقتىمۇ قەلەم قۇۋۋىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «تارىم» ژۇرنىلىدا بايان قىلىش ۋە ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان «ياۋا جىگدە»، «پوستى يوق ئالما»، «پىسخىكىلىق بوھران» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلىرىنى ئېلان قىلدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «كىروران»، «قىزىلسۇ»، «يېڭى قاشتېشى»، «تۇرپان» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا «ئۇنتۇلغان ئابىدە»، «خەير ـ خوش مۇھەببەت»، «ئالتۇن كەشى يىتكەن قىز» قاتارلىق 400 پارچىغا يېقىن شېئىر، داستان، ھېكايە، پوۋېستلىرى ئېلان قىلىندى. 2000 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئاخىرقى پۇرسەت» ناملىق شېئىر ـ داستانلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان «ئارمان غۇنچىسى»، «جىن ھەققىدە ھېكايە»، «روھ بولۇپ پارلايدۇ مەڭگۈلۈك قۇياش»، «مۇساپىرلار ناخشىسى»، «قاراڭغۇدىكى ئادەم» قاتارلىق شېئىر، ھېكايىلىرىگە باھا بېرىلگەن ماقالە ـ ئوبزورلار مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي تالانتى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.




سەن مېنىڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن رېئاللىقىمدىكى خاسىيەتلىك چۆچەك، مەن سېنىڭ ئاشۇ خاسىيەتلىك چۆكلەر شەھرىڭدە تىنەپ يۈرگەن ئاق ئاتلىق شاھزادە. مەن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن قىزلىق ئالىمىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ سۆيۈملۈك نامايانىدىلىرىنى روشەن ھېس قىلىمەن.

بۇ مەن سېنى تۇنجى كۆرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان تۇيغۇ. سېنى كۆرۈشتىن بۇرۇن مەن نۇرغۇن قىزلارنى كۆرگەن، ئەمما ئۇلار ھەققىدە مەندە ھېچقانداق تەسەۋۋۇر مەۋجۇت بولغان ئەمەس. ئۇ چاغدا مەن قىزلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنى ئەرلەرنىڭ بىر مەزگىللىك پسىخىك كېسەللىكى، ئۇ خۇددى زۇكام ۋىرۇسىدەك ئۆتكۈنچى ھالەت، دەپ قارايتتىم. ئەمما خىيالىمدا شۇنداق ئويلىغىنىم بىلەن تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ پسىخىكىسىدىن گۇمانلىنىپمۇ قالاتتىم.

مەن نورمال ئادەممۇ؟

مەن يۈز پىرسەنتلىك نورمال ئادەم. نان يەيمەن، سۇ ئىچىمەن، ئۇخلايمەن، يول ماڭىمەن، تەپەككۇر قىلىمەن. يەنە نورمال ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايمەن. شۇنداق ئىكەن، مەن سېنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئاشۇ بورانلىق كۈندىن بۇرۇن مەندە قىزلار ھەققىدە گۈزەل تەسەۋۋۇرغا چۆمۈلۈشتەك كېسەللىك ئالامىتى مەۋجۇت بولغان ئەمەس ئىدى.

ـ ئاشۇ قىزنى قولغا كەلتۈرىدىغان گەپتى.

ھەر ئايدا بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان بىر ئاغىنەم شۇنداق دېسە ھەيران قالاتتىم.

ـ يەنە قايسى قىزنى دەيسەن؟

ـ ئالدىنقى ھەپتە تېلېۋىزوردا ئۇسسۇل ئويناپ چىققان ئۆمەكتىكى ئۇسسۇلچى قىزچۇ.

ـ يائاللا، سېنىڭ كۆزۈڭگە قىزلاردىن باشقا نەرسىمۇ كۆرۈنەمدۇ زادى؟

ـ قانداق قىلىمەن، ئاداش، بۇ ماڭىلا باغلىق ئىش بولمىسا.

ـ ئادەمگە زۇكام تەگسىمۇ بۇنداق تەگمەيدۇ.

ـ توغرا دېدىڭ، راستتىنلا زۇكام ۋىرۇسىدەك بىرنېمىكەن بۇ خەق.

ـ شۇنداق بولسىمۇ ئايدا بىر قېتىمدىن تېگەمدۇ بۇ زۇكام ساڭا؟

ـ ۋايتاڭەي، بەلكىم ئىممۇنىتېت كۈچۈم ئاجىز بولسا كېرەك.

مەن ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز بۇ ئاغىنەمگە تۇرۇپ ھەۋەس قىلىپ قالسام، يەنە تۇرۇپلا ھەسەتمۇ قىلىپ قالاتتىم. ئادەم مۇھەببەتلىشىش ئالدىدا ئازابلىنىدۇ، دەپ ئاڭلايتتىم، ئەمما بۇ ئاداشتا ئازابلىنىش دېگەندىن ئەسەر تاپقىلى بولمايتتى. قىزلار ئۇنى رەت قىلىۋەتسىمۇ قىلچە ئېغىر ئالمايتتى.

ـ يولنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، ـ دەيتتى ئۇ بۇنداق چاغدا.

ـ نەدىكى يولنىڭ سول تەرىپىگە؟

مەن ھەيران بولۇپ سورىسام، ئۇ:

ـ كۆڭۈلدىكى يولنىڭ بولامدۇ، ـ دەيتتى.

ـ كۆڭۈلدىكى يول؟! كۆڭۈلدىمۇ يول بولامدۇ؟

ـ بولمامدىكىن، سەن باشقىلارنىڭ كۆڭلۈمدە بىر قىز بار، دېگىنىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ؟

ـ ئاڭلىغان.

ـ ھەببەللى، كۆڭۈلدە يول بولمىسا كۆڭۈلدىكى قىز نەدە ماڭىدۇ؟ مەن ساڭا دېسەمچۇ، كۆڭۈلدە ئىككى يول بولىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى يولدا سەن ئارىلىشىۋاتقان قىزلار،

سول تەرەپتىكى يولدا سېنى رەت قىلىۋەتكەن قىزلار ماڭىدۇ.

ئىممۇنتېت كۈچى ئاجىز بۇ ئاداش مېنىڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. بەزىدە ئۇ ماڭا نورمال ئادەمدەكمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىر قىزنى قانداق تېز ياخشى كۆرگەن بولسا يەنە شۇنداق تېز سوۋۇيتتى.

توۋا دەيمەن، قىزلارمۇ مۇشۇنداق ئادەملەرگە ئامراق بولىدىكەن دېسە...

ئۇنىڭغا راستىنلا ھەۋەسمۇ، ھەسەتمۇ قىلاتتىم. مانا شۇنداق چاغدىلا ئۇنى ئەمەس، ئۆزۈمنى نورمال ئادەم ئەمەستەك ھېس قىلىپ قالاتتىم. بەزىدە مېنىڭ كۆڭلۈمدە يول يوق بولغىيمتى ـ يا، بىر ئەر ئۈچۈن بىر قىز شۇنداق مۇھىممىدۇ؟ دەپ خىيال قىلىپ كېتىمەن. شۇنداق چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ بىر قىزغا موھتاج ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن. ئەمما قانداق قىزغا موھتاج ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ يېتەلمەيمەن. باشقىلار بىر قىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالارمىش. بىراق مەن گاھى قىزلارنى كۆنىگە نەچچە قېتىملاپ كۆرسەممۇ مەندە ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق تۇيغۇ پەيدا بولمايدۇ. ئويلاپ باقسام ئالىي مەكتەپ ھاياتىممۇ شۇنداق بىر خىللا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ـ بىر قىز بار، كۆرۈشۈپ باقامسەن؟ ـ دېدى بىر كۈنى ئىممۇنتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەم.

ـ يولنىڭ سول تەرىپىدىكى قىزمۇ؟

ـ چاقچاق ئەمەس، راست دەۋاتىمەن.

ـ قانداق بولار؟

ـ بولغىنىچە بولمامدۇ، ھېچبولمىسا كۆزۈڭ بولسىمۇ خۇش بولۇپ قالار.

ـ كىمكەن ئۇ؟

ـ ئۇسسۇلچى قىزنىڭ دوستى.

ـ قايسى ئۇسسۇلچى قىز؟

ـ تېلېۋىزوردا ئۇسسۇل ئويناپ چىققان ئۆمەكتىكى قىزچۇ؟

ـ ئۆمەكتىكى قىز؟! ئۇنى قانداق تونۇيسەن؟

ـ ئارىلىشىۋاتقان تۇرسام.

ـ چاقچاق قىلمىغىنە.

ـ قىزلارنىڭ سايىسىدا نان يەيدىغان ئەر ئەمەسقۇ بىز. نەچچە كۈن بولدى، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋالدىم دېگىنە.

ياپىر! ئىممۇنتېت كۈچى ئاجىز بۇ ئاغىنەمگە راستىنلا قول قويدۇم. تېخى قايسى كۈنى گېپىنى قىلىۋاتاتتى ئۇ قىزنىڭ، ئېكراندىن چۈشۈپ بولغىچە كەلتۈرۈۋالدىم دەيدۇ ـ يا، ماۋۇ ئاداش.

ـ قانداق قىلىسەن؟

ـ نېمىنى؟

ـ مەن دېگەن قىزنىچۇ؟

ـ ئۇنى تونۇمىسام نېمىمۇ دەرمەن؟

ـ سەن ماقۇل بولساڭلا ھەممە گەپنى ماڭا قويۇپ بەر، بىردەمدىلا يېلىمدەك ئېرىتىپ بېرىمەن ئۇنى. قانداق، بولامدۇ؟

ـ مەيلى ئەمىسە.

ـ ئۇنداق بولسا ئەتە كەچقۇرۇن بارىمىز ـ ھە، ئوبدانراق تەييارلىق قىل.

مەن تۇنجى قېتىم بىر قىزغا نىيەت قىلدىم. ئارتىس، ئۇسسۇلچى قىزلار ھەممە يەردە چىرايلىق بولىدىكەن. بەلكىم دوستىمۇ چىرايلىقلا قىزدۇ. ئەمما شۇ كۈنى ئاخشىمى يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەسلى كۆرۈشىدىغان قىزنى ئويلاپ شېرىن خىياللارغا چۆمۈشۈم، ھاياجانلىنىشىم، ئۇخلىيالماسلىقىم كېرەك ئىدى. قارىغاندا مېنىڭ ئىممۇنتېت كۈچۈم كۈچلۈك ئوخشايدۇ.

ئەتىسى كەچقۇرۇن ئىممۇنتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەم غەرق مەست ھالدا كەلدى ۋە مېنى باشلاپ ماڭدى. بىراق شۇ چاغدىكى تۇيغۇمدا بىر قىز بىلەن ئەمەس، بەلكى مال بازىرىغا قوي كۆرگىلى ماڭغاندەك ھېسسىياتتا ئىدىم.

ـ خېلى چىرايلىق قويمىكەن؟

ئۇ مەندىن تىلىنى چايناپ تۇرۇپ سورىدى.

ـ نېمە دەيسەن؟

ـ خېلى چىرايلىق قىزمىكەن دەيمەن.

ـ قوزىدەكلا دېگىنە. ئوتنىڭ ئۈچىنى يەپ چوڭ بولغان دەيدۇ. قانداق دەيسەن؟

ـ ياقەي، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ سېنى كۆرۈشتىن بۇرۇنقى خىيالىم ئىدى. بىراق مەن سېنى كۆرگەن ئاشۇ بورانلىق كۈندىن كېيىن روھىي دۇنيارىم ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. خىيال بوشلۇقۇم سەن بىلەن لىق تولۇپ، مەۋجۇت رېئاللىقىم پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى.

ئاشۇ ئۇچرىشىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ تۇيۇقسىز، تولىمۇ زەربىلىك بولدى. شۇ كۈنى مەن تۇنجى قېتىم ئوتنىڭ ئۈچىنى يەپ چوڭ بولغان قىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلىپ يەتتىم...

ـ ئۇلار تېخى كەلمىگەن ئوخشايدۇ، ـ دېدى ئىممۇنتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەم مەستلىكتىن ئاران يەر دەسسەپ تۇرۇپ.

ـ كەلمەي قالارمۇ ـ يا؟ ـ دېدىم مەن.

ـ كېلىدۇ، ـ دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن.

ـ قانداق دەيسەن؟

ـ قىزلار كۆرۈشۈشكە زادى مۇشۇنداق كېچىكىپ كېلىدۇ.

ـ مۇتەخەسسىس بولۇپ كەتتىڭمۇ نېمە؟

ـ ياقەي، ئىككى قىز بىلەن ئارىلاشساڭ سەنمۇ كۆنۈپ قالىسەن بۇنداق ئىشلارغا.

ئاريدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئىككى قىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تۇيۇقسىز بۇ ئىككى قىز ھەققىدە غەلىتە خىيال سۈرۈپ قالدىم...

ـ ماقۇل دېگىنە، ئاداش، زادى بارغۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

ـ ۋىيەي... نېمانداق جېنىمنى چىقىرىسەن، مەن ماقۇل دەپ قويغان تۇرسام.

ـ مەن بارمايچۇ؟

ـ مېنى يالغانچى قىلاي دەمسەن؟ بېرىپ كۆرۈشۈپ باقمامسەن.

ـ قانداق بولار؟

ـ ھېچقانداق بولمايدۇ. چۆپ يەپ باقمىغان قوي دەيدۇ.

ـ ھا... لا، دەپ كەلگەن بولسا قانداق قىلىمەن؟

ـ كۆلگە ئاپىرىپ سۇغارمايلا كەلمەمدۇق...

ئۈزۈمنىڭ خىيالىدىن ئۆزۈم بىئارام بولۇپ كەتتىم. خىيال دېگەنمۇ غەلىتىلا بولىدىكەن، تۇۋا.

ئىككى قىزنىڭ قارىسى تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. ھاۋا ئاستا ـ ئاستا بۇزۇلماقتا ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ مانا مۇشۇنداق كېسىلى بار ئىدى. ھاۋا تۇرۇپلا ئۆزگىرىپ بوران چىقىپ، ئاسماندىن توپا ياغاتتى.

تۇۋا دەيمەن، توپا ياغدى دېگەن قانداق گەپ بۇ؟ ئەسلى قىش كۈنى قار، ياز كۈنى يامغۇر ياغىدىغان. ھازىر بولسا قىش كۈنى قار بىلەن ئىس ـ تۈتەك، ياز كۈنى يامغۇر بىلەن توپا ياغىدىغان بولۇپ كەتتى. مومام رەھمەتلىك »يامغۇر دېگەن خۇدانىڭ رەھمىتى، يامغۇر سۈيى بىلەن ئۆلۈك زېمىن تىرىلىدۇ. قىيامەت بولغاندىمۇ مۇشۇنداق يامغۇر ياغىدۇ. ئەمما ئۇ چاغدىكى يامغۇر ھازىرقى يامغۇرغا ئوخشىمايدۇ. ھازىرقى يامغۇردا ئۆلۈك زېمىن تىرىلسە، قىيامەتتىكى يامغۇردا قەبرىدىكى ئۆلۈكلەر تىرىلىدۇ، شۇڭا يامغۇر ياغسا قەلبىڭلاردا زەررىچىمۇ نارازىلىق بولمىسۇن« دەيتتى. رەھمەتلىك مومام چالا ساۋات ئايال بولسىمۇ، لېكىن مەۋجۇت رېئاللىق ھەققىدە خۇددى غايىبنى بىلىدىغاندەك ئىشەنچ بىلەن پاراڭ قىلاتتى.

ـ ئۇخلاپ قالمىغانسەن؟

ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەمنىڭ ئاۋازىدىن خىيالىم بۆلۈنۈپ كەتتى.

ـ ياقەي، يامغۇر ياغارمۇ ياكى توپا ياغارمۇ دەپ خىيال سۈرۈپ قاپتىمەن.

ـ سەنچە نېمە ياغسا بولار؟

ـ توپا ياغقىنىدىن يامغۇر ياغقىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ توپا دېگەن بۇزۇلغان تەبىئەتنىڭ ئاپىتى، يامغۇر دېگەن خۇدانىڭ رەھمىتى تۇرسا، ـ دېدىم مەن مومامنىڭ رەھمەتلىك يامغۇردەك مول نەسىھەتلىرىنى ئەسلەپ.

ـ مەنچە بولسا يامغۇرمۇ ياغماي، توپىمۇ ياغماي ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىق قىزلار يېغىپ كەتسە دېگىنە، ـ دېدى ئۇ.

ـ يائاللا، ئۆزۈڭ تويساڭمۇ كۆزۈڭ تويماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇڭ ـ دە قىزلارغا، ـ دېدىم مەن ئۇنىڭ غەلىتە خىياللىرىدىن ھەيران بولۇپ.

ـ ئەمدى شۇ، ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە يامان قورساق يېرىلىپ كەتسە مەيلى ئەمەسمۇ، ـ دېدى يەنە ھېچنېمە بولمىغاندەك.

راست دېمەكچى، مېنىڭ بۇ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەم ئۇسسۇلچى مۇزىكا چىقسا جىم تۇرالمىغاندەك قىزلارنىڭ گېپى چىقسا جىم تۇرالمايتتى. ئۆمرىدە بىرەر پارچىمۇ كىتاب ئوقۇپ باقمىغان بۇنداق ئادەمنىڭ سۆزمەنلىكىگە ھەققەتەنمۇ قايىل ئىدىم.

ـ مىخقا شەرەپ بېشىدىن كەلگەندەك ماڭا شەرەپ تىلىمىدىن كېلىدۇ، ـ دەيتتى بۇ ئاغىنەم.

ئاسماننىڭ يىراق غەربىي باياۋىنىدىن قارامتۇل بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى. مەن تۇرۇپلا ئۇسسۇلچى قىزنىڭ دوستى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. شۇ تاپتا مەن مۇكەممەل بىر قىزنى كۆرۈپ باققىلى كەلدىم. بۇ ھال ماڭا خۇددى يىراق بىر زاماندىكى قۇل بازىرىغا قۇل كۆرگىلى كەلگەندەك تۇيۇلۇپ كەتمەكتە ئىدى.

ـ كەلدى!

ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەمنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم.

ـ نېمە كەلدى، بورانمۇ؟

ـ نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئاداش، قىز كەلدى، قىز.

ـ قېنى؟

ـ ئەنە، ئاۋۇ ئىككىسى شۇ.

ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەم كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. كۆزۈم يىراقتا كېلىۋاتقان ئىككى قىزغا چۈشتى.

ـ ھەر ھالدا بوراندىن بۇرۇن كەلدى بۇلار، ـ دېدىم مەن.

ـ قانداق دەيسەن؟

ـ بوراندا قالسا ئۇچۇپ كەتكۈدەك تۇرمامدۇ ئۇلار.

ـ ئاتنىڭ چىرايلىقى تورۇق، قىزنىڭ چىرايلىقى ئورۇق دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ سەن؟

ـ تورۇق ئاتتەك ئورۇق بۇ خەقتە غۇرۇر باردۇر ـ ھە؟

ـ ۋاي... ۋۇي... ـ دېدى ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەم تېرىكىپ، ـ تولا كىتاب ئوقۇۋېرىپ كىتابتىكى ئادەملەرگە ئوخشاپلا قالدىڭمۇ نېمە؟ سەن بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭ زادى؟

ـ ئىشقىلىپ بوراننىڭ توپىسىدا قالغىلى كەلمىدىم.

ـ ھەببەللى، ئەمىسە نېمانچە زىغىرلاپ كېتىسەن دەيمەن؟

- ئەمدى شۇ مۇنداق سوراپ قويۇشۇم.

- سەن بۇ يەرگە ئوق تەگسىمۇ ئۆلمەيدىغان قەھرىمان كۆرگىلى ئەمەس، قىز كۆرگىلى كەلدىڭ - ھە!

ئىككى قىز يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمدى مەندە سەل قورۇنۇش پەيدا بولدى. ماۋۇ ئاداش ئىككى قىز بىلەن ئارىلاشساڭ كۆنۈپ قالسەن دەيدۇ تېخى. مەن بۇ ھالىم بىلەن كۆنۈپ بولغۇچە ئۆلۈپ بولىدىغان ئوخشايمەن.

- نېمە بولدۇڭ؟

- ھېچنېمە.

- ئەمسە تىترەيسەنغۇ؟

- سەل ھاياجانلىنىۋاتىمەن.

- ئاللا... نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئاداش!

- نېمە، ھاياجانلانسامۇ بولمامدۇ؟

- ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق نەدىن كەلگەن تايىنى يوق ھاياجان بۇ؟ قىز كۆرگەنگە بۇنداق بولۇپ كەتسەڭ توي قىلساڭ ئۆلۈپ قالامسەن نېمە؟

- بولدى قىلە، ئۇلار كەلدى.

بۇ چاغدا ئىككى قىزمۇ بېنىمىزغا كېلىپ بولغان ئىدى. ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەم باشتا مېنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن:

- ئاۋۇسى سېنىڭ ئۇسسۇلچى يەڭگەڭ بولىدۇ، - دېدى.

مەن ئالدىمدىكى قىزغا - ئۇسسۇلچى قىزغا قارىدىم. قارىدىم - يۇ، كۆزلىرىم چاقناپ كەتتى. راستىنى دېسەم مەن ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ئالدىدا ئەقلى - ھوشۇمدىن ئايرىلىۋاتاتتىم.

- ياندىكىسى بولسا....

بۇ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەمنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى پەقەت ئاڭقىرالمىدىم.

قارا بوران بىر پەستىلا يېتىپ كەلدى. بىز بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇمساڭغۇ توپا ئىچىدە قالدۇق. مەن قۇمساڭغۇ توپا ئىچىدە بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمەكتە ئىدىم. ئەمما بۇ مەن ياخشى كۆرۈشكە مۇناسىپ كەلمەيدىغان قىز ئىدى. چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئاغىنەم ياخشى كۆرگەن قىز ئىدى. ئەسلىي مەن ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ئوتىنىڭ ئۈچىنى يەپ چوڭ بولغان دوستى بىلەن ئۇچرىششقا كەلگەن ئىدىم. مانا ئەمدى ئوتىنىڭ ئۈچىنى يەپ چوڭ بولغان قىزنى ئەمەس، بەلكى ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتىم. ئاھ خۇدا... مۆجىزە يۈز بېرىپ ئىككى قىزنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

مەن يەنە ئۆزۈم ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. مەن راستىنلا نورمال ئادەممۇ؟

ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ نورمال ئادەملىكىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. ئەگەر مەن ھەقىقىي نورمال ئادەم بولغان بولسام، ئۇسسۇلچى قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتەك بۇنداق خەتەرلىك خاتالىققا يول قويمايتتىم. چۈنكى ئايال زاتى چەكلەنگەن مېۋە بولسا، ئۇسسۇلچى قىز مەن ئۈچۈن زەھەر سۈيىدە سۇغىرىلغان خەتەرلىك مېۋە ئىدى. ئەمما مەن بۇ مېۋىنى خالىغىنىمچە يېيەلمەيتتىم. چۈنكى بۇ مېۋە ئاللىقاچان جەننەتتىن چىقىپ بولغان ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى تۈنجى قېتىم بىر قىزنىڭ ئىشق ئوتىدا قۇرۇق ئوتۇندەك پاراسلاپ كۆيۈپ چىقتىم.

ئايال - ئەرلەرنىڭ تەن شېخىدىن چۈشۈپ قالغان بىر تال يېتىم قوۋۇرغا، ئۇسسۇلچى قىز بولسا مېنىڭ تەن شېخىمدىن چۈشۈپ قالغان بىر تال يېتىم قوۋۇرغا. بۇ مەن سېنى تۈنجى قېتىم كۆرگەندىن كېيىن مەندە پەيدا بولغان تۇيغۇ.

- سىزنى سۆيىمەن!

- كەچۈرۈڭ، مەن ئامالسىز...

- ئەمسە قانداق قىلىمەن؟

- ھېچ ئىش قىلماي جىم يۈرۈڭ.

- ماقۇل، گېپىڭىزنى ئاڭلاي.

- قۇلىقىڭىز راستىنلا يۇمشاقكەن.

- ياقەي، مەن يۈرىكى يۇمشاپ كەتكەن ئادەم...

بۇ مەن بىلەن سەن ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ. مەن سېنى تۈنجى قېتىم كۆرگەن ئاشۇ بورانلىق كۈندىن كېيىن مەن سەن بىلەن خىيالىمدا كۆپ قېتىم پاراڭلاشتىم. ئەمما ئوتتۇرىمىزدىكى سۆھبەت خۇددى خۇمدانىنىڭ كېسەكلىرىدەك بىر خىللا ئىدى.

تۇرۇپلا كۆڭلۈمدىكى يول ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. لېكىن ھەرقانچە ئويلىسامۇ كۆڭلۈمدىكى ئىككى يولنى پەقەت ھېس قىلالمىدىم. مېنىڭ كۆڭلۈمدە پەقەت بىرلا يول سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ بىر شامالنىڭ ئىزىمۇ چۈشمىگەن يول ئىدى.

- بىئارام بولۇۋاتامسىز نېمە؟

بۇ ئوتىنىڭ ئۈچىنى يەپ چوڭ بولغان قىزنىڭ ئاۋازى ئىدى. تالادا گۈركىرەپ بوران چىقىۋاتاتتى. تۇرۇپلا ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەمگە ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. ئۇ بىزنى رەڭدار چىراغلار بىلەن غۇۋا يورۇپ تۇرغان بۇ ئايرىمخانىدا يالغۇز قالدۇرۇپ ئۆزى ئۇسسۇلچى قىز بىلەن باشقا بىر ئايرىمخانىغا كىرىۋالغان ئىدى. بۇ يەر دەسلەپ ماڭا ئۇسسۇلچى قىز ئالدىمدا تەبەسسۇم بىلەن ئولتۇرغاچقىلا ھۇزۇر ئاتا قىلغان ئىدى. ھازىر بولسا بۇ يەر ماڭا خۇددى جاڭگاللىقتەك سۈرۈن تۇيۇلماقتا ئىدى.

جاڭگاللىق، قانداق جاڭگاللىق؟

توغرا رومانتىك جاڭگاللىق!

ـ گەپ قىلغاچ ئولتۇرامسىز، ـ دېدى رومانتىك جاڭگاللىقتا ئوتنىڭ ئۇچىنى يەپ، سۇنىڭ سۇزۇكىنى ئىچىپ ئولتۇرغان قىز ئارىدىكى ئېغىر سۈكۈتنى بۇزۇپ.

ـ نېمە دەيمەن؟

مەندە راستىنلا ئۇنىڭغا دېگۈدەك گەپ يوق ئىدى.

ـ نېمە دېسىڭىز مەيلى.

ـ ئەمىسە ھېچنېمە دېمەي.

ـ بەك يۇمۇرلۇق ئىكەنسىز.

ئۇ شۇنداق دەپلا قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ كۈلۈپ كەتتى. ماڭا بولسا ئۇنىڭ بۇ گېپى »بەكلا مۇللا مىجەز ئىكەنسىز« دېگەندەك تۇيۇلۇپ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. بولمىسا مەقسەتسىزلا دەپ قويغان تاققا ـ تۇققا گەپ يۇمۇرلۇق بولامتى.

قەھۋەخانىدىكى لىرىك مۇزىكىلىق ۋاقىت چەكسىزلىككە سوزۇلغان ئىدى. مەن بۇ چەكسىزلىك ئىچىدە يەنىلا شۇ ئۇسسۇلچى قىزنى خىيال قىلاتتىم.

ـ بەك خىيالچان كۆرۈنىسىزغۇ؟

ـ شۇنداقمۇ؟

ـ قارىغان ئادەمگە مۈگدەپ ئولتۇرغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەنسىز.

ـ ئۇنداق ئەمەستۇ.

ـ سىزگە قارىسام مېنىمۇ ئۇيقۇ بېسىپ كېتىۋاتىدۇ دېسە.

ـ ئەمىسە قايتىپ ئارام ئالامسىز؟

ـ مەيلى بولمىسا.

ـ سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويمىغاندىمەن؟

ـ ياقەي، مۈگدەپ ئولتۇرۇپ زېرىكىش ھېس قىلماپتىمەن.

ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپى جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. توۋا، قىزلارنىڭ ھەجىيىپ تۇرۇپ دېگەن گېپىمۇ ئەجەب ئاچچىق بولىدىكىنا. شۇ كۈنى ئاخشىمى كۆزۈمگە پەقەت ئۇيقۇ كەلمىدى. ئوتنىڭ ئۇچىنى يەپ چوڭ بولغان قىز خىيال خاتىرەمدىن بىراقلا ئۆچۈپ كەتكەن ئىدى. مەن دەسلەپ ئۇنىمۇ ئۇسسۇلچى قىزدەك چىرايلىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم. كېيىن بولسا ئوتنىڭ ئۇچىنى يەپ چوڭ بولغان قىزنىڭ چىرايى ھەققىدىكى خىياللىرىم نەگىدۇر توزۇپ كېتىپتۇ. مۇشۇ چاغدىلا ھېس قىلدىمكى، چىراي پەقەت مەلۇم نەرسىنىڭ مەلۇم شەكلىدىنلا ئىبارەت ئىكەن. ياخشى كۆرۈشنى نىشان قىلغان مۇھەببەت بولسا يەنە باشقا بىر خىل شەكىلسىز ھالەت ئىكەن. دېمەك، چىرايلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرەلمەيدىكەن.

ئۇسسۇلچى قىز!

بۇ مېنىڭ سەن ھەققىدىكى خىيالىمدا سەھەردەك پارلاپ تۇرغان چىرايلىق ئىسمىڭ ئىدى. بۇ ئون ھەرپتىن تۈزۈلگەن ئادەتتىكى تۆت بوغۇم سۆز. بۇ تۆت بوغۇم سۆزدە تارىخىي قىممەت ياكى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ھېچقانداق خۇسۇسىيەت يوق. ئەمما بۇ تۆت بوغۇم سۆز ھازىر مەن ئۈچۈن خۇددى ھاۋادەكلا قىممەتلىك. چۈنكى بۇ تۆت بوغۇم سۆزدە سېنىڭ ۋۇجۇد شەكلىڭ ساقلانغان. مەن مۇشۇ تۆت بوغۇم سۆز ئارقىلىق سېنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن.

تۈن يېرىم بولغاندا بوران توختىدىمۇ ياكى بوران توختىغاندا تۈن يېرىم بولدىمۇ، كېچە جىمجىت ئىدى. لېكىن مېنىڭ خىيالىمدا باشقىچە بىر بوران گۈركىرەيتتى. بۇ بوراندا قۇمساڭغۇ توپا ئەمەس، بەلكى ساڭا بولغان سېغىنىش ياغاتتى. بۇ روھىيەتتىكى تەن مەۋجۇتلۇقىدىن ھالقىغان مۇھەببەت بورىنى ئىدى. بۇ ھەقتە ھېچكىم ئالدىن مەلۇمات بېرەلمەيتتى.

مەن بۇ كېچە سېنىڭ ھەققىڭدە چوڭقۇر ئويلاندىم.

سەن كىم؟

سەن زېمىن يۈزىدە نان يەپ، سۇ ئىچىۋاتقان مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ بىرى. سەن كىمدۇر بىرىنىڭ MTV سىنىڭ بىرەر كۆرۈنۈشىگە چىقىۋېلىش ئىستىكىدە ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان ئادەتتىكى بىر ئۇسسۇلچى قىز. سەن مېنىڭ ئاغىنەمنىڭ يۈرگىنى. سەن مەن ياخشى كۆرمەكچى بولغان ئەمما مەندە مۇھەببەت ئويغىتالمىغان، ئاشۇ ئوتنىڭ ئۇچىنى يەپ چوڭ بولغان، قىزنىڭ دوستى.

مەن ياخشى كۆرۈشنىڭ ئازابىنى بېشارەت بېرىدىغىنىغا شەكسىز ئىشىنەتتىم. چۈنكى يىراق تارىختىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار بولسۇن ياكى زامان ـ ماكانى ئېنىق بولمىغان چۆچەك ـ رىۋايەتلەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ دەسلەپتە ياخشى كۆرۈشنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان.

مەن ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ھۆرمىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئوتنىڭ ئۇچىنى يەپ چوڭ بولغان قىز بىلەن قايتا ئۇچراشماسلىق قارارىغا كەلدىم. ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەم بىلەن بولغان دوستلۇقۇمغىمۇ چەك قويدۇم. چۈنكى ئوتنىڭ ئۇچىنى يەپ چوڭ بولغان قىز ئۈچۈن مېنىڭ قەلبىم قۇرۇق ئىدى. ئەگەر مەن مۇشۇ قۇرۇق قەلبىمگە ئۇنى باشلاپ كىرسەم ئۇ ئۆلۈپ قالاتتى. مەن بولسام بۇ روھىي جىنايىتىم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئازابتا قالاتتىم. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇسسۇلچى قىز ھەققىدە توختىماي خىيال سۈرەتتىم.

مەن خۇددى دېڭىز قاراقچىلىرى بۇلاپ كەتكەن ئالتۇن ـ كۈمۈش بېسىلغان چوڭ يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان قولۋاق ئىدىم. بۇ قولۋاق ياكى يەلكەنلىك كېمىگە يېتىشىۋالالمايتتى، ياكى يەلكەنلىك كېمىدىن مېھرىنى ئۈزۈپ دېڭىز قوينىدا غايىب

بولۇپ كەتمەيتتى. بۇ يەلكەنلىك كېمىنىڭ رولچىسى ئۈسسۈلچى قىز، كاپىتانى ئىممۇنتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەم ئىدى.

يەلكەنلىك كېمە!

بۇ يەلكەنلىك كېمە ھامان بىر كۈنى ئۆز مۇساپىسىنى تاماملايتتى. مەن ئاشۇ يەلكەنلىك كېمىنىڭ مۇز تاغقا سوقۇلۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن بۇ كېمە شىمالنىڭ ئاق قار، كۆك مۇزلۇق سوغۇق ھاۋا ئېقىمىدىمۇ مەن خىيال قىلغان مۆجىزىگە يولۇقماي، گۈللەر چېچەك ئاچقان پەسىلدە ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ باردى. ئىممۇنتېت كۈچى ئاجىز ئاغىنەم ئۈسسۈلچى قىز بىلەن توي قىلىشنى قارار قىلغان ئىدى.

نۇھنىڭ كېمىسىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بەختى بولۇپ قالغان بولسا، مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى يەلكەنلىك كېمىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشى مېنىڭ ھالاكىتىمنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

مەن يەلكەنلىك كېمە قۇرۇقلۇققا چىققان كۈنى ئاخشىمى ئاچچىق ھاراقنى سەزگۈلىرىم كاردىن چىققۇچە ئىچتىم...

ـ ھۆ... ۋۆۋ...

...

ـ ھەي، ھەي...

قۇلاق تۈۋۈمدە بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. كۆز ئالدىم غۇۋا يورۇشقا باشلىدى. ئۆزۈم ناتونۇش بىر ئۆيدە بولۇپ، ئالدىمدا ئۈسسۈلچى قىز ماڭا قاراپ تۇراتتى.

ـ سىز... ئۈسسۈلچى قىزغۇ؟!...

ـ ھاراقنىمۇ مۇشۇنداق جىق ئىچكەن بارمۇ؟

ـ ھاراقنى ئەمەس، ھەسرەتنىمۇ مۇشۇنداق ئىكەن بارمۇ دەڭ.

ـ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ـ كۆزۈمگە قاراڭ، ـ دېدىم مەن بىر قىزنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم يۈرەكلىك ھالدا سۆز قىلىپ.

ـ چۈشىنەلمىدىمغۇ؟

ـ كۆزۈمدە نېمە باركەن؟

ـ نۇر.

ـ يەنىچۇ؟

ـ مېنىڭ ئەكسىم.

ـ يەنىچۇ؟

ـ بىلمىدىم.

ـ شۇنداق، سىز بۇنى بىلمەيسىز. كۆزۈمدە يەنە خىيانەت بار.

ـ تۇۋۋا دەڭا، كۆزدىمۇ خىيانەت بولامدۇ؟ ئاڭلىمىغانىلا گەپقۇ بۇ.

ـ نۇر بار يەردە قاباھەتمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ.

ـ ئەمىسە ماڭا دەڭا، سىز كىمگە خىيانەت قىلدىڭىز؟

ـ ئەڭ يېقىن دوستۇمغا.

ـ قايسى دوستىڭىز ئۇ؟

ـ ئىممۇنتېت كۈچى ئاجىز دوستۇمچۇ.

ـ قانداق خىيانەت قىلدىڭىز؟

ـ مەن ئۇ ياخشى كۆرگەن قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان.

ـ لېكىن دوستىڭىز توي قىلماقچى.

ـ خەۋىرىم بار، مەن ئۇنىڭغا قولداش بولماقچى.

ـ سىزمۇ قولداش بولامسىز؟ مەنمۇ دوستۇمغا قولداش بولماقچى.

ـ نېمە؟! ئۇمۇ توي قىلامدىكەن؟ كىم بىلەن؟

ـ ئىممۇنتېت كۈچى ئاجىز دوستىڭىز بىلەنچۇ.

ـ نېمە؟...

قۇلاق پەردەم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك زىڭىلداپ كەتتى.

ـ بۇ مۇمكىنمۇ؟

ـ شۇنداق، دوستىڭىزغا ئەمدى زۆكام تەگمىگۈدەك.

ـ ئەمما ئۇ يەلكەنلىك كېمىدە قۇرۇقلۇققا چىققان سىز ئىدىڭىزغۇ؟

ـ ياقەي، يەلكەنلىك كېمىدىكى مەن ئەمەس ئىدىم.

ـ شۇنداق، سىز خاتالاشتىڭىز. سىز ئۇ ئىشلارنى بىلمەيسىز.

ـ خاتالاشمىدىم، مەن ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتىم.

ـ قايسى ئىشتىن دەيسىز؟

ـ يەلكەنلىك كېمە بىلەن قولۋاقچۇ. سىز ئاخشام ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەردىڭىز.

ـ مەن يەنە نېملەرنى دېدىم؟

ـ يەنە يەلكەنلىك كېمىدىكى قىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى، ئەمما دېڭىز سەپىرىدە مۆجىزە يۈز بەرمەي قولۋاقنىڭ ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلىكىنى دېدىڭىز.

ـ كەچۈرۈڭ، بۇ مېنىڭ خاتالىقىم.

ـ ياق، بۇ سىزنىڭ دوستىڭىزنىڭ خاتالىقى. بىر ئۇچراشقان ئاشۇ كۈن يادىڭىزدىمۇ؟

ـ ئاشۇ بورانلىق ئاخشاممۇ؟

ـ شۇنداق. ئۇ كۈنى دوستىڭىز بەكلا مەست ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىزگە ئۈسسۈلچى قىز بىلەن چۈپىنىڭ ئۇچىنى يەپ چوڭ بولغان قىزنى تونۇشتۇرغاندا بىزنى ئاۋۇ قىز، ماۋۇ قىز دەپ خاتا كۆرسىتىپ قويغان. سىزدە مېنى ئۈسسۈلچى قىز دېگەن خاتا تونۇش پەيدا بولۇپ قالغان. ئەسلى ئۈسسۈلچى قىز مەن ئەمەس ئىدىم.

ـ لېكىن، قەھۋەخانىدا مەن بىلەن يالغۇز قالغان سىز ئەمەس ئىدىڭىز.

ـ شۇنداق، ئۇ چاغدا دوستىڭىز ماڭا سىز ھەققىدە ئايرىم گېپى بارلىقنى ئېيتىپ، مەن بىلەن ئايرىمخانىدا پاراڭلاشقان. لېكىن بىز كىرگەندە سىز كېتىپ قالغان ئىكەنسىز. شۇنىڭ بىلەن بىز سىزنى خاتا ئويلاپ قاپتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن بولسا بىزگە قايتا ئۇچرىشىش پۇرسىتىمۇ بولمىدى. ئەمما ئاشۇ بورانلىق ئاخشامدىكى كىچىككىنە ئۇقۇشماسلىق بىزنىڭ ئەس ـ خاتىرىمىزدە پەقەت ساقلانماي ئۇنتۇلۇپ كېتىپتۇ. ئاخشام ئۆمەك ئويۇن تەشكىللەپتىكەن، ئەلۋەتتە ئۇسسۇلچى قىزنىڭمۇ نومۇرى بار ئىدى. ئويۇندىن قايتاشىمدا سىز بىلەن يولۇقۇپ قالدىم ھەم بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم. مەن بىر ئاخشام چوڭقۇر ئويلاندىم. راستىنى دېسەم، مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىزدىن قاتتىق تەسىرلەندىم ھەم ئۆزۈمنىڭ ھەققىي بەختلىك قىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم. رەھمەت سىزگە!

ئۇھ...

كۆزۈمنى يوش يۇمۇپ تورۇسقا قارىغىنىمچە چوڭقۇر بىرنى تىندىم.

ـ مەن بەك ئەخمەقكەنمەن.

ـ قانداق دەيسىز؟

ھەققىي ئوتنىڭ ئۇچىنى يەپ چوڭ بولغان قىز مەندىن قايتۇرۇپ سورىدى.

ـ ئوڭ قولۇمدىكى بەختنى سول قولۇمدىن ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن.

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزى سەھەردىكى گۈلدەك چاقناپ كەتكەن بولۇپ، بۇ گۈلدە مېنىڭ لېۋىمدىكى تەبەسسۇم خۇددى قۇياش نۇرىدەك پارلاپ تۇراتتى. خىيالىمدا بەخت تۇيغۇسى بىلەن لىق تولغان سېرىق يەلكەنلىك كېمە كۆپكۆك دېڭىزدا قارشى قىرغاققا قاراپ لەرزان ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. مەن بۇ يەلكەنلىك كېمىدە بېشىنى بىلىكىمگە قويۇپ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان قىزنىڭ قۇلىقىغا چەكسىز مۇھەببەت بىلەن پىچىرلىدىم.

«تارىم»نىڭ 2007 ـ يىللىق 11 ـ ساندىن ئېلىندى.

## «سادا» ساداسى

ئوقۇۋاتقىنىڭىز فاكۇلتېتىمىز بىردىنبىر نەشر ئەپكارى ھېسابلىنىدىغان«سادا» ژۇرنىلىنىڭ ئون بىرىنچى سانى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ساۋاقداشلارنىڭ تىرىشىشى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانى ئۆز ساداسىنى ياڭراتتى. بۇ «سادا» قەلب ساداسى، بۇ «سادا» ئىجاد ساداسى. شۇڭا بۇ «سادا» ئىجادىڭىزغا ئىلھام بېغىشلاپ، تالانتىڭىزنى نامايەن قىلىدىغان مەيدان ھازىرلىغۇسى!

بۇ يەردە ژۇرنال ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن بارلىق ئاپتورلارغا ۋە تەھرىرات ئەزالىرىغا سەممىي رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. رەھمەت سىلەرگە! جاپا چەكتىڭلار!

بۇ ساندا بەزى ئەسەرلەر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى قالدۇرۇپتىلدى. ساۋاقداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمىز. كېيىنكى سانلارغا ئۈلگە، كىچىكلەرگە مەدەت بولغۇدەك «سادا» ياڭرىتىش ئۈچۈن سىزنىڭ قوللىشىڭىز ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا كېيىنكى قۇتلۇق سان ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. سىزنىڭ شۇ نادىر ئەسەرلىرىڭىز «سادا» نى تېخىمۇ سەرخىل قىلغۇسى.

كېيىنكى ساندا «سادا» سىزنىڭ ئىجاد سادالىرىڭىز بىلەن ياڭرىغۇسى! چۈنكى بۇ «سادا» ھەممىمىزنىڭ ساداسى!

كامالىي ئېھترام بىلەن

«سادا» ژۇرنىلى تەھرىراتى




**(ھېكايە)**

ئاپتورى: لاۋ يۈمې
ئىسمايىل ھېكىم تەرجىمىسى (2009)

مەن دوختۇرخانىنى ياقتۇرمايمەن. ھەر قېتىم كاردوردىن ئۆتكەندە دوختۇرخانىدىن چىققان پۇراق ئىچىمنى بىر قىسىملا قىلىپ قويىدۇ. ئۇ يەردە پەقەت فورمالىنىنىڭ پۇرىقى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەر يەنە يالغۇزلۇق، تەشۋىشلىك، ئۈمىدسىزلىككە تولغان. لېكىن مېنىڭ باشقا تاللاش يولۇم يوق، چۈنكى مەن سېستىرا.

مەن بۆرەك ئىچكى كېسەللىرى بۆلۈمىدە ئىشلەيتتىم. بىر قېتىملىق ئۇزۇن دەم ئېلىشتىن كېيىن يەنە ئىشقا چۈشتۈم. دىجورنىلىك ئۆيگە كىرىۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز بىر قىزچاقنىڭ ھودۇققىنىچە يۈگۈرەپ چىقىۋاتقانلىقىنى، قولىدا نېمىلەرنىدۇر تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، دە ـ تېزلىك بىلەن ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ تۇتۇۋالدىم. ئۇ بەك ئورۇق بولغاچقا كۆك رەڭلىك كىيىمى ئۇنىڭ مۈرىسىدىلا ساڭگىلاپ قالغان بولۇپ، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىغا لاي چاپلىشىپ قالغان ئىدى. سەككىز، توققۇز ياشلار چامىسىدا كۆرۈنەتتى.

قولىدا بىر قورۇق بوتۇلكىنى تۇتۇۋالغان ئىدى. مەن ئىتتىك ئېلىۋېلىشىمغىلا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ كەتتىم. ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈشۈپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئالقىنىدا ئۇزۇن يارا ئىېغىزى بارلىقىنى كۆردۈم. «ئەخلەت تېرىپ دوختۇرخانىغا كەلمەك، بۇ يەردە يۇقۇملۇق كېسەل بار، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟» دېدىم مەن ئۇنى ئەيىبلەپ. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ: «ھەدە، مەن ئەخلەت تەرمەيمەن، دوختۇرخانىدا ئاپامغا قارايمەن» دېدى.

ئەسلىدە ئۇ دوختۇرخانىغا يېڭىدىن كىرگەن بىمارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماي دىجورنى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. ئۇ ئەينەك ئىشىكتىن ماڭا قارىغىنىچە كاردوردا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىردەم تۇرۇپ ئۇ ئەينەك ئىشىككە يېقىن كېلىپ بوش ئاۋازدا:

«ھەدە، مېنىڭ ئىسمىم شىياۋمېي" دېدى. مەن ئىختىيارسىزلا بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئۇ يەنە بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ تارتىنغان ھالدا: «ئاپام 402 ـ نومۇرلۇق كېسەلخانىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر، لېكىن دادامنىڭ بىز بىلەن كارى بولمىغاچقا مەن ئاپامغا ھەمراھ بولىۋاتىمەن» دېدى.

مەن بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا سەپسالدىم، ئۇ دىجورنى ئىشخانىسىغا كىردى، دە ـ ئۈستەل يېنىغا كەلدى، يۈزلىرى ياش يۇقى ئىدى. لېكىن زورىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ھەدە سىزنىڭ كىرپىكىڭىز بەك ئۇزۇن ئىكەن. ئاپام ئاق خالات كىيگەن تاغا ـ ھەدىلەرنىڭ ھەممىسىنى پەرىشتە دەيدۇ» دېدى. ئۇنىڭ سەبىي سۆزلىرىدىن، كۆز نۇرىدىن يۈرۈكۈم تىترەپ كەتتى. مەن زورىغا كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا مەكتەپتە ئوقۇمايسىز؟» دەپ سورىدىم.

«ئاپامنىڭ كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن ئاندىن مەكتەپكە بارىمەن» دېدى شىياۋمېي خۇشال ھالدا. بىزنىڭ ئۆينىڭ يېنىدىكى لى لى مەندىن بىر ياش كىچىك، ھازىر 2 ـ يىللىقتا ئوقۇيدۇ دېدى. ئاندىن ئۇ ئىتتىك بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل يېشىغا خاس بولمىغان ئازاب ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. مەن ئۇنىڭ بېلىكىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭ ئالقىنىغا دورا سۈرتۈپ قويۇشۇمغا، ئۇ كۈچەپ بۇرنىنى تارتتى. مەن ئۇنىڭ قولىنى ئاغرىپ كەتتىمىكىن دەپ ھەرىكىتىمنى ئاستىلاتتىم. شىياۋمېي مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنگەندەك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «ھەدە، ئاغرىمىدى» دېدى.

مەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «قايتىپ كېتىڭ، ئاپىڭىز ئەنسىرەپ قالىدۇ» دېدىم. لېكىن ئۇ ماڭمىدى،

ئىككىلەنگەن ھالدا جوزا ئۈستىدىكى قۇرۇق بوتولكىلارغا قارىدى، دە ـ ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ: «ھەدە بۇلارنى ماڭا بېرەمسىز؟ ئاپامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا كۆپ پۇل كېتىدۇ. مەن بۇلارنى سېتىپ ئاپامغا بېرىمەن، ھازىرغىچە 15 يۈەن يىغىپ بولدۇم» دېدى شىياۋمېي. مەن ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن: « بۇ بوتولكىلارنى پۇلغا ساتقىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ پاكىز ئەمەس، ھەممىسىنى باشقىلار ئىشلىتىپ بولغان» دېدىم. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئاخىرقى قېتىم بوتولكىلارغا بىر قۇر قاراۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

كېيىن مەن خىزمەتداشلىرىمدىن شىياۋمېينىڭ ئاپىسىنىڭ خىزمەت ئورنىدىن قالغاندىن كېيىن سائەتلىك ئىشچى بولغانلىقىنى، ئاخىرىدا سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى، شىياۋمېينىڭ دادىسىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق خەۋىرىنىڭ بولمىغانلىقىنى بىلدىم.

شىياۋمېينىڭ ئاپىسىنىڭ ھاياتىنىڭ نەچچە كۈنىدە بىر قېتىم قان سۈزۈش ئارقىلىق داۋاملىشىۋاتقانلىقى، بۆرەك ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ يۈەن كېتىدىغانلىقى دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئىنتايىن ئېنىق ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسلىكتە توپلىغان بىر قىسىم پۇللىرى70 ـ 80 مىڭ يۈەنلىك بۇ ئوپېراتسىيەگە ھەرگىز يەتمەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەر كۈنى شىياۋمېينى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئۇ دائىم تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەربىر ئادەمگە زەن سېلىپ قارايتتى. مەن ئۇنىڭ نېمىدىن قورقىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، چۈنكى ئۇ ئاپىسىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىرىۋېتىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئۇ مېنى قۇتۇلدۇرغۇچى شەپقەتچى دەپ قاراپ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ماڭا يېقىنچىلىق قىلاتتى، ئەگەر مېنىڭ يۈزلىرىمدە ئازراقلا بىزار بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ئۇ خۇددى خاتا ئىش قىلىپ قويغاندەك ئالاقزادە بولۇپ كېتەتتى. بەزىدە مەن مۇشۇ بىچارە قىز ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ خۇشال قىياپەتكە كىرىۋېلىشنى ئويلايتتىم.

شىياۋمېي كۆپىنچە ئاپىسىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا تۇراتتى. ئاپىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ بوش ئاۋازدا پاراڭلىشاتتى. ئاپىسى ئالدىدا ناھايىتى ئاز مەيۈسلىنەتتى، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۈلۈپ تۇرۇپ تۇرمۇشقا ماسلىشاتتى.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ھەر كۈنى پەقەت ھورنان ۋە تۈزلانغان سەيلا يەيتتى. بىر كۈنى چۈشتە شىياۋمېي ئاپىسىغا: «ئاپا، مەن بايا خوشنا ياتاقتىكى ھېلىقى كىشىنىڭ كالباسا يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېۋىدى، ئاپىسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى، دەرھال يۈزىنى دېرىزە سىرتىغا قارىتىۋالدى ـ دە، قولى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى. شىياۋمېي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

«ئاپا كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بۇندىن كېيىن ئوغرىلىقچە باشقىلارنىڭ نەرسە يېگىنىگە قارىمايمەن»دېدى.

مەن ئۇدۇل كىرىشىمگىلا بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، كۆز ئالدىمدا تۇيۇقسىز تۇمان پەيدا بولغاندەك بولدى. شىياۋمېي مېنى كۆرۈپ خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا سورىدى: «ھەدە، قەلىمىڭىزنى ئىشلىتىۋالسام بولامدۇ؟».

«بولىدۇ، شىياۋمېي ئوقۇيدىغان بوپتۇ، ھە!» دېدىم مەن تىترەك ئارىلاش ئاۋازدا. شىياۋمېينىڭ ئاپىسى يۈزلىرىنى بۇراپ ماڭا قاراپ ئەلەم بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئاپىسى 30 ياشتىن ھالقىغان ئايال بولۇپ لېكىن ئادەتتىكىدىن خېلىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، تۇرقىدىن قارىسا ھېلىلا بىر ئىش بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ئۇ بەك قەيسەر ئىدى، قىزى ئۈچۈن ھەممىگە بەرداشلىق بېرەتتى. شىياۋمېي قەلەمنى ئېلىپلا ئاپىسىنىڭ كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇئاپىسىنىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى تارتىپ، ئالدى بىلەن كۆك رەڭلىك بىر يۇملاق چەمبەر سىزدى. يەنە بىر قانچە بەلگىلەرنى سىزدى، ئاخىرىدا ھاياجانلانغان ھالدا ئاپىسىنىڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ھەدە بۇ مەن ئاپامغا ئېلىپ بەرگەن سائەت» دېدى. ئاپىسىنىڭ قولى خۇددى قۇرۇپ قالغان دەرەختەك كۈچسىز ھالدا ساڭگىلاپ قالدى.

ئۇ كۈنى مەن بەك ئازابلاندىم، بۇ خىل تۇيغۇ ئىلگىرى مەندە بولۇپ باقمىغانىدى، لېكىن بۇ خىل ئازابلىنىش مەندە نۇرغۇنلىغان ھېس ـ تۇيغۇلارنى پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماڭا ئىللىقلىقنىڭ كۈچىنى ھېس قىلدۇردى. ئازاپ ـ ئوقۇبەت چىرمىۋالغان بۇ قىزنىڭ تېنى ئاشۇ خىل كۈچ بىلەن تولغان ئىدى.

ھەركۈنى ئىشقا بارىدىغان ۋاقىتتا، مەندە بىر خىل شىياۋمېي ۋە ئۇنىڭ ئاپىسىنى كۆرۈش، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىز تۇرمۇشقا بولغان قەيسەر كۈلكىسىنى كۆرۈشكە بولغان كۈتۈش ئىستىكى پەيدا بولىدىغان بولدى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۈلۈشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئۇلار مېنىڭ قان ـ قېرىنداش تۇغقانلىرىمغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرى مېنىڭ تەقدىرىم بىلەن ئوخشاش ئىدى.

سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ تېنىدىكى زەھەر بەلگىلىك مىقدارغا يېتىپ ئۇنى سىرتقا چىقىرۋەتمىگەندە بىمار ناھايىتى ئازابلىنىدۇ. ئەگەر قان سۈزۈش ئارقىلىق داۋالىسا، قاراشقا ساغلام كىشىلەر بىلەن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ. شۇڭلاشقا ھەر قېتىملىق قان سۈزۈشتىن كېيىن شىياۋمېي ئاپامياخشى بولۇپ قالدى دەپ قارايتتى، ئاپىسىمۇ ئامالىنىڭ بارىچە قىزىغا ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى.

لېكىن شىياۋمېي ئاخىرى ھەممىنى چۈشەندى، بۇ بىر مەيدان ئايىقى ئۈزۈلمەيدىغان چۈش ئىدى، خالاس. چۈشىدىن ئويغانغاندىن كېيىن بولسا ئاپىسى خۇددى ئۆلۈپ قالغانغا ئوخشاش كارىۋاتتا ياتاتتى. ئۇ ئامالسىز ئىدى،

پەقەت ئۆزىنىڭ سەبىي قەلبى ئارقىلىق ھەممىگە بەرداشلىق بېرەتتى، ھەر بىر قېتىملىق چۈشنى قەدىرلەيتتى.

شىمالنىڭ ھاۋارايى بارغانسېرى سوۋۇشقا باشلىغان بولۇپ 12 ـ ئاي ئۆتۈپ كېتىشىگىلا، سوغۇق ئېقىم بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى.

شىياۋمېي دائىم دوختۇرخانا سىرتىدا يۈرىدىغان بولغاچقا، مەن ئۇنى يەنە ئەخلەت تەرگىلى چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلاتتىم. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشەي دەپ قالغان ۋاقىتتا ئۇ ئاستاغىنا قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنى توسۇۋېلىپ: «نېمىشقا مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ لاغىلداپ تىترەيتتى. مەن زوڭزىيىپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ: «ھەدىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ، ئەخلەت تەرگىلى بارماڭ، بەربىر كۆپ پۇل تاپالمايسىز.» ئۇ يەنىلا لاغىلداپ تىترەيتتى. كىيىملىرى خۇددى دەرەخ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش نېپىز ئىدى. «ھەدە سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرگىز ئاپامغا دېمەڭ، ئاپام ھەر قېتىم مېنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىمنى سورىسا، مەن دائىم سىزنىڭ يېنىڭىزدا دەيتتىم.» دېدى شىياۋمېي.

«ئەمدى ئاپىڭىزنى ئالداشنى ئۆگىنىۋاپسىز، ھە؟» دېدىم مەن. ئۇ قورققان ھالدا كۆزۈمگە تىكىلىپ: «ياق.........» دەپلا يىغلاپ كەتتى. «بولدى، مەن ئاپىڭىزغا دېمەيمەن». مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى ياشنى سۈرتتۈم، ئۇنىڭ يېشى بەك سوغۇق بولۇپ تىرناقلىرىمنى توڭلىتىۋەتتى. مەن ئۇنى ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ ئىسسىق لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ئىسسىتقاچ: «شىياۋمېي، ھەدىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ، دوختۇرخانىدا پار بار، سىز دوختۇرخانىدا ئاپىڭىزغا ھەمراھ بولۇڭ، ئەگەر سىرتتا توڭلاپ قالسىڭىز، كىم ئاپىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ» دېدىم.

ئۇ يۈزىنى كۆتۈرۈۋىشىگىلا، غۇۋا كۆز ياشلىرى ئىچىدە يېقىملىق بىر كۈلكە پەيدا بولدى. «ھەدە مەن گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن» دېدى، دە ـ خۇشال ھالدا پۇتىنى ئويناقشىتىپ ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇردى. مەن كۆزۈمنى ئۇنىڭ پۇتىغا يۆتكىگەن ۋاقىتتا، ئۇ تۇيۇقسىز ئەنسىرەپ ئالدىراش ھالدا ئورۇندۇقتىن سەكرىگەن پېتى سىرتقا قاراپ يۈگۈردى، مەن ئۇنى كاپپىدە قىلىپ تۇتۇۋالدىم. ئۇ تىركىشىپ مەندىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا ئۇرۇندى. مەن كۈچەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپلا ناھايىتى ھەيران قالدىم، ئۇ پايپاق كىيمىگەنىدى، ئاپئاق پۇتىدا قىلچىمۇ ھارارەت يوق بولۇپ خۇددى قۇرۇپ قالغان دەرەخ قوۋزىقىدەك قېتىپلا قالغانىدى. بۇ ۋاقىتتا مەن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدىم، لەۋلىرىم تىترەپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم. شىياۋمېي بوش ئاۋازدا: «ھەدە مەن توڭلىمىدىم» دېدى. ئۇ ئايىغىنى سالدى، پۇتلىرىغا بىر نەچچە قەۋەت تازىلىق قەغىزى يۆگىۋالغانىدى، ئۇششۇپ كەتكەن يەرلىرى يېرىڭداپ كەتكەن بولۇپ قان ـ يىرىڭلار قەغەزدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

مەن ئۇنى قۇچاقلىغىنىمچە يىغامنى توختىتالماي قالدىم. ئۇ ماڭا تەسەللىي بېرىپ: «ھەدە مېنىڭ پايپىقىم بار، بەك سوغۇق بولغان ۋاقىتتا ئاندىن كىيىمەن» دېدى. شۇ چاغدا مېنىڭ كۆز ياشلىرىم ئۇنىڭ چاچلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

شىياۋمېينىڭ ئاپىسىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلىششقا باشلىدى. ئاپىسى دوختۇرخانىدا يېتىۋېرىشنى خالىمىدى. ھەر قېتىم قان سۈزدۈرۈشكە جىددى پۇل كېرەك بولغاندا، بۆرەك ئالماشتۇرۇش يىراق كەلگۈسىدىكى ئىش بولۇپ قالغان ئىدى. مەنئۇنىڭ قىزىنى قۇچاقلىغىنىنى كۆرگىنىمدە، كۆزلىرىم قۇپقۇرۇق بولۇپ ياش چىقماي تۇرۇپلا ھورغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

لېكىن شىياۋمېي بەك قەيسەر ئىدى. ئۇ كۈنى مەن 402 ـ نومۇرلۇق كېسەلخانا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ ئەمدىلا ئىشىك ئالدىغا بېرىپ تۇرۇشۇمغا شىياۋمېينىڭ ئاپىسىغا: «ئاپا، مەن بۆرىكىمنى سىزگە بېرەي، گەرچە بۆرىكىم كىچىك بولسىمۇ سىزنىڭ بەدىنىڭىزگە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولىدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۈزۈمنى باشقا ياققا بۇرىۋالغان بولسامۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. گۈللۈككە يۈگۈرۈپ بېرىپ غۇرقىراپ چىقىۋاتقان شامالدا ئۈزاققىچە يىغلىدىم. شىياۋمېينىڭ ئاۋازى باشتىن ـ ئاخىرى قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراۋاتاتتى. شۇنداق، ئۇ ئاپىسىنىڭ ھاياتىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قەيسەر ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسى ئارقىلىق ھەر بىر مىنۇتقا بەرداشلىق بېرەتتى. ھېچبولمىغاندا ئاپىسىنىڭ يۈزىدە ئازراق بولسىمۇ كۈلكە بولۇشىنى، شۇنداقلا بۇ ئىشلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

رودژىستىۋا بايرىمى ھارپىسىدا، شىياۋمېينىڭ ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتتى. مەن ياتاققا كىرگەندە، شىياۋمېي يەنىلا ئاپىسىنىڭ بېلىكىنى قۇچاقلىۋالغان بولۇپ، ئاپىسى ناھايىتى تىنىچ ئىدى. ئۇ مەن تەرەپكە قاراپ: «ھەدە سىز دېگەن پەرىشتە، ئاپامنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى دەپ بېرەلەمسىز؟» دەپ سورىدى. مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالدىم، خۇددى شىياۋمېينىڭ ئاپىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ھالىتىگە ئوخشاش بىر خىل ئاجىز كۈلكەمنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ مەڭزىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئاپىڭىز جەننەتتە.» دېدىم.

شىياۋمېينىڭ قەتئىيلىكى ۋە قەيسەرلىكى دوختۇرخانىدىكى ھەربىر دوختۇر، سېستىرانى تەسىرلەندۈردى. بىز ياردەم بېرىپ ئۇنى مەكتەپتە

ئوقۇتۇشىنى قارار قىلدۇق. مەن قانچىلىك ئادەملەرنىڭ بىزنىڭ سېپىمىزگە قاتناشقانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەگەر بىر ئادەتتىكى ئادەم باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلىسە، ئۇ ھالدا ناھايىتى ئالىيجاناب بولغان بولىدۇ. ھېچبولمىغاندا ئۇ ماڭا ئىشەنچ ئاتا قىلدى. ھازىرغا قەدەر ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا ئۇچراپ كەيپىياتىم ناچار بولغان ۋاقىتتا مەن شىياۋمېيىنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ يوغان، نۇرلۇق كۆزىنى ئويلايمەن. مۇشكۈل ئەھۋالدا يەنىلا شۇنداق قەتئىي ۋە قەيسەر، ئۇ دەل پەرىشتىنىڭ نەزىرى.

*«ئوقۇرمەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 21 ـ سانىدىن ئېلىندى.*

*مۇھەررىر: شاھىمەردان مەمەتئېلى (2010)*

*كوررېكتور: ئىززەتگۈل (2011)*

# سىغىنىش

**يۈسۈپجان مۇھەممەت (2009)**

قاتار قاتار سەرەڭگە قېپى،
لەيلەپ يۈرەر تۇمان ئىچىدە.
چېلىقمايدۇ قىلچە ئۆز پۇراق،
تويۇلىدۇ ھايات نىشانسىز،
يول يۈرگەندەك ئوكيان يۈزىدە.

سانجاق سانجاق قەبرە تېشىدەك،
تويۇلىدۇ بىر بېقىشتىلا،
بۇ يەر ياشاپ كۆنمىگەن دۇنيا،
دېۋىلەرنىڭ يوغان ئاغزىدەك،
بىلىنىدۇ ھەرنەرسە گويا.

كۆزلىرىڭنى ئالدايدۇ تۇمان،
ئېزىتقۇدەك كۆرۈنەر ھەممە.
روھىڭمۇ ھەم گوياكى تۇمان،
شۈبھىلىنىپ بېقىشلىرىڭدىن،
ئەكس ئېتەر مىلىڭ تۈرلۈك گۇمان.

# چاتمىلار

### ... غا (1)

ئەس يادىڭ يىراقتا ئۆزۈڭ بۇياقتا،
چاندۇرماي خۇش پېئىل كۈلۈپ يۈرۈيسەن.
بىلمىدىم ۋە لېكىن نىچۈن ئاخشىمى،
يۇلتۇزغا قارايسەن مۇڭغا چۆكسەن.

※ ※ ※ ※

قارىمىسام دەيمەن سۈزۈك يۈزۈڭگە،
بىلىپ ـ بىلمەي يەنە قاراپ قالىمەن.

تاتلىق كۈلكەڭ، بال ـ ھەسەلدەك سۆزۈڭگە،
گاراڭلىقتا ئاستا قۇلاق سالىمەن.

※ ※ ※ ※

كۆزلىرىڭ خۇمارلىق قارايسەن قېتىپ،
ھودۇقۇپ قالىمەن قاراشلىرىڭدىن.
قايرىلىپ كۆزۈمدىن تاشلىسام سوئال،
مارايسەن بارمىقىڭ ئاراچلىرىدىن.

### ... غا (2)

ئوخشاپ قاپتۇ يۈزلىرىڭ داپقا،
يانچۇقۇمغا تاجاۋۇز قىلىپ.
بولسا ئىدى قولۇمدا پىچاق،
قوللىرىڭنى ئوينايتتىم تىلىپ.

※ ※ ※ ※

ئاڭلىمىدىم كاپ ـ كاپتىن بۆلەك،
ئاغزىڭ گويا شاۋقۇن تاشقىنى.
شىلىم بولسا يەمەلەپ قوياتتىم،
ئاشۇ دورداي كالپۇكلىرىڭنى.

*مۇھەررىر: شاھىمەردان مەمەتئېلى (2010)*

*كوررېكتور: ئىززەتگۈل مەمەتىمىن (2011)*

# قەلبكە پىچىرلاش

St. Valentaine's Day

(نەسىر)

مەمەتجان ئەمەت (2009)

مەۋجۇتلۇق ھامىيسىگە تۇمەنمىڭ تەشەككۈرلەر ياغسۇن! سەن ھاياتلىقنىڭ گىرىمسەن يوللىرىدا زەررە ئۈمىدتىن قايتا تۇغۇلغىنىڭدا ھەر تىنىقىڭغا مىڭ جان نىسار بولسۇن! ئىزگۇ قەدەملىرىڭنىتاشلىغىنىڭدا بەختتىن بېشارەتبەرگۈچى پەرىشتىلەر ساڭا ئىھسان يۈزىنى قاراتقاي! مۇھەببەتنىڭ سۈرىدىن يۈرىكىڭ قىيناق زەنجىرىگە باغلانغىنىدا، ھىجران قاراقچىلىرى ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىغاندا، ساڭا سۆيگۈ شارابى تەڭلىگەن جانانىڭ سۈرىتى يۈرىكىڭنىڭ قات ـ قېتىدا ئۈيۈپ قالسۇن. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە گۈزەلنىڭ ئايىغى قەلب بېغىڭغا يەتكىنىدە ئۇتلۇق كۈيلەرگە ئايلىنىپ ۋىسال پەيتىدىن بېشارەت بەرگەي! ئۇ ۋاقىتتا سەن بىر رەسسام بولغىن ـ دە، ئۆزۈڭنى بارلىقىڭ بىلەن سىزىپ كۆرسەت! كۆزلىرىڭنى مۇھەببىتىڭ، ياخشىلىقىڭنىڭ رەڭگىدە، ئېغىزىڭنى گۈزەللىكىڭنىڭ شىرىنىسىدە بويىغىن. نۇقسانلىرىڭ قاش بولسۇنكى خاسىيىتى بىلەن ھەممىنىڭ ئۈستىدە ئەيىبلىرىڭنى ئېچىپ تۇرسۇن! بۇ سەۋەبلىك دىلىڭ بىلەن بىرلەشكىن، سائادەت ئىشىكىنى كۆرىسەن، ئۇ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى سېنى ئاشكارا ھالىڭ بىلەن سۆيگەن جانانىڭ قولىدا.

مۇھەببەت ھەققىدە يەنە نېمىلەرنى دېگۈلۈك؟! ئاشىقنىڭ ھەربىر تىنىقى مۇھەببەتنىڭ يالقۇنىنى پۈۋلەيدۇ ئەمەسمۇ؟! قىزنىڭ مەسۇم يۈزىنى غەم تۇمانلىرى قاپلىسا، بۇنى يەنە كىمدىن كۆرگۈلۈك؟! ئاشىقنىڭ ناخشىسى گويا تاڭ شامىلىدەك سوغۇق تۇمانلارنى يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ تاشلىماسمۇ؟!

***مۇھەررىر: تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009)***
***كوررېكتور: زىبىرىدىنسا سەلەي (2011)***

# گۈنسىز نىدا

ئاينۇر ئوبۇل (2010)

كۆزلىرىم ياش قولۇمدا ئالبۇم،
مۇڭ تۆكىدۇ سېنىڭ سۈرىتىڭ،
تىترىمەكتە ۋۇجۇدۇم شۇ تاپ،
كۆز ئالدىمدا سېنىڭ سۆلىتىڭ،
ياشىغىنىم سېنىڭ دۆلىتىڭ.

كۆزلىرىڭدە بۈركۈت سىيماسى،
لەۋلىرىڭدە تەئەججۈپ بىراق،
سەۋەبىنى بىلسەم مەن دەرىخ،
كۆتكىنىڭدىن مەن تېخى يىراق،
قەلبىمدە سەن، يەنە شۇ پىراق.

مەن مېھرىڭگە قانمىغان ئىدىم،
سېنى ئەجەل ئېلىپ كەتكەندە.
يېقىلدىم ھەم قەبرەڭگە نىمجان،
دۇنيا مېنى تەرك ئەتكەندە،
نىدالىرىم چەككە يەتكەندە

# تەلپۈنۈش

گۈگۈم چۈشۈپ قالدى بۇگۈنمۇ،
لېكىن يارىم كەلمەيدىغۇ ھېچ.
ئۈنسىز چوقان سالار بۇ يۈرەك،
لېكىن بۇ يول تۇرار تىپتىنچ.

يارىم كەتكەن شۇ يولغا قاراپ،
تالدى مېنىڭ كۈتكەن كۆزلىرىم.
كېلەر چوقۇم دەيدۇ بۇ يۈرەك،
چۈنكى ئۇ يار مېنىڭ سۆيگۈنۈم.

تاڭمۇ ئېتىپ كەتتى نەچچە رەت،
لېكىن يارنى ساقلايمەن ئەبەد.
تۇگەر يايرىم تۇتقان گۈل بىلەن،
چەكسىزلىككە سوزۇلغان ھەسرەت.

***مۇھەررىر: ئابدۇرېھىم مەتتۇردى (2009)***
***كوررېكتور: ئايجامال (2011)***

# نان

(ھېكايە)

شاھمەردان مەمەتئېلى (2010)

تەتىل توشتى، قولۇمدىكى پويىز بېلىتىنىڭ ئورۇندۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئويلىساملا بېشىمغا غەم چۈشەتتى. تىك ئورۇندۇقتا 30 نەچچە سائەت ئولتۇرۇشتىن بەكرەك ئۆرە تۇرۇپ ماڭىدىغانلارنىڭ جىقلىقى كىشىنى بىزار قىلاتتى. كارىۋاتلىق بېلەت ئالالمىغانلىقىمدىن ۋايساپ يۈرگىنىمدە، ئاپام: «ئۆيىنى سېغىنغىنىڭدا يېگىن» دەپ بىر يەشىك نان يېقىپ بەردى. چامادانىمنى كۆتۈرۈشمۇ ئېغىر كېلىۋاتقاندا، باغلامۇ ـ باغلام قىلىپ چىڭ چېگىۋېتىلگەن يەشىككە قاراپ جۇدۇنۇم ئۆرلىدى:

ـ پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا بولىۋاتقان مۇشۇ زاماندا ئاشلىقتىن ئۆلەتتىمۇ كىشى؟ ـ غۇدۇرۇدۇم ئىچىمدە، ـ شۇنىڭ ئورنىغا نەق پۇللا بەرسىچۇ، يانچۇقۇمغا غەملەپلا ماڭاردىم.

قانداقلا بولمىسۇن، ئاپامنىڭ «كۆڭۈل»ىنى قايتۇرغىلى بولمىدى. قانچە قاقشىساممۇ ئاشۇ بىر يەشىك نان چامادانىمنىڭ ئۈستىگە مىندى. ۋوگزالدىكى بېلەت تەكشۈرتۈش، پويىز كۈتۈش، چىقىش ۋە ئورۇنلىشىش جەريانىدا ئاشۇ «گۇناھكار» نان ھېچ ھالىمنى قويماي، تالاي ۋايساشلارغا سەۋەب بولدى. پويىز بېيجىڭ ۋوگزالىغا يېتىپ كەلگەندە، يەنە شۇ نان تۈپەيلى كوچا ئاپتوبۇسىدا قىينىلىپ سەپرا بولۇپ يۈرمەي دەپ ئويلىدىم ـ دە، پۇلنىڭ كۈچىنى بىر كۆرسىتىپ، تاكسى توسۇپ ئۇدۇل مەكتەپكە كەتتىم.

تەتىلدە ئېنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن يۇرتقا كەتمەي مەكتەپتە قالغان ياتاقدىشىم بار ئىدى. ئاپامنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا ئۆيىنى سېغىنىپ كەتسەممۇ قاتتىق ناننى غاجاپ ئولتۇرىدىغان باللاردىن بولمىغاچقا، ياتاققا كىرىپلا ھېلىقى ناننى ئۇنىڭغا بەردىم.

ـ ۋارىس ئاداش، ئۆگىنىش دەپ ئۆيۈڭگىمۇ قايتالمىدىڭ، ئاپام ساڭا ئىچ ئاغرىتىپ، ئاشۇ ساۋاقدىشىڭغا ئاپىرىپ بەرگىن دەپ، نان يېقىپ ئەۋەتتى. بىر ـ ئىككى ئايلىق تۇرمۇش پۇلۇڭ تېجىلىدىغان بولدى مانا، قېنى تارتىنماي ئاله.

ئۇنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى ئۇنچە ياخشى ئەمەس ئىدى. مەن كاتتا بىر ساخاۋەت قىلغان كىشىدەك، مەغرۇر تۇراتتىم. ۋارىس بولسا ناننى كۆرۈپ بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

ـ پاھ، ئۆي نېنى!؟ ـ ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئارىسىدىن بىر ناننى ئايرىپ ئېلىپ پۇراپ ئۆلگۈردى، ـ ئوخشىغاندەك قىلىدۇ، تېخى سىيادان سېلىپ يېقىپتۇ، ـ دە! رەھمەت ئاداش...

ـ رەھمەت دېگۈدەك ئىش يوق، ناھايىتى كەلسە شۇ خېمىرتۇرۇچنىڭ پۇلى، ـ دېدىممەن كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ.

ـ بىراق بۇ خېلى كۆپ نانكەن، يېرىمىنى سەن يېگىن، ناشتا قىلىسەن ئەمەسمۇ.

ـ يېنىمىزدا ئاشخانا تۇرسا ناشتىلىقتىن ئەنسىرەپ نېمە قىلاي، بولدى ئۆزۈڭ يېگىن...

شۇنداق دېگىنىمچە كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇندۇم. ۋارىسمۇ ئاغزىنى ئۈمەللىدىيۇ، توختاپ قالدى.

*　　　*　　　*　　　*

مەۋسۇم باشلىنىپ مەكتىپىمىزنىڭ يېنىغا يېڭىدىن ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا ئېچىلغانىدى. تىجارەت باشلىغان دەسلەپكى چاغلاردا دۇكان خوجايىنى ھەر خىل پائالىيەتلەرنى تەسىس قىلىپ، يول تۆپىسىدە ھەقسىز تەڭگە تارقىتىش ئارقىلىق خېرىدار جەلپ قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق ئويۇن سورۇنلىرى ماڭا ئوخشاش «ئويۇنقېپى»لارنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ـ دە! ھەقسىز تەڭگىنىڭ خۇشاللىقىدا بىر قانچە رەت ئويناپ، قىمار تۈسىنى ئالغان بېلىق تۇتىدىغان ئويۇنغا خۇمار بولۇپ قالغانلىقىمنى سەزمەيلا قالدىم. ھېلىقى ئويۇنچۇق ماشىنىسىمۇ تازا تومۇرچىكەن، دەسلەپ سالغان «تور»ىمنى قۇرۇق قايتۇرمىدى، خېلىلا پۇل ئۇتىۋالدىم.

ـ بۇ بولىدىغان ئىشكەن، ھەم كۆڭۈل ئاچسام، ھەم پۇل تاپسام! ـ تاتلىق خىياللارنى سۈرۈپ، ئۇ يەرگە باغلىنىپلا قالدىم، ئويۇنچۇق ماشىنىسىمۇ، مېنى ئۆزىگە ئەسرا قىلىۋېلىپ، پۇللىرىمنى كەچكۈزدىكى غازاڭدەك بىر ـ بىرلەپ ئۇچۇرتۇپ ماڭغىلى تۇردى. ئۇتتۇرغانسېرى جىله

بولۇپ، تېخىمۇ چوڭ پۇل ئۇينايدىغان قىلىق چىقىرىۋالدىم. تاراقلاپ تۇرغان قىپقىزىل پۇلدىن نەچچە ئونى ئاشۇ بېلىقلارنىڭ تويماس قارنىغا كىرىپ كەتتى. ئۇتتۇرغان پۇللىرىمنى قايتۇرىۋېلىش ئۈچۈن تۇرمۇش پۇللىرىمنى دەسمايە قىلىپ، زىيانىنىڭ يۈزىگە زىيان ئۇردۇم. كاللامدا پەقەت بېلىق تۇتۇۋالسام، پۇلۇمنى تېرىلدۈرىۋالسام... دېگەن غەلىتە پىسخىك شەكىللىنىپ، دەرسىمۇ خۇشياقماس بولدۇم. ھەپتە ـ ھەپتىلەپ دەرس تاشلىدىم. ئاخىرى بىر كۈنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمىز ئىشخانىسىغا چاقىردى. «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە ئايان» دېگەندەك نېمىگە چاقىرتىلغانلىقىم ئۆزۈمگە بەش قولدەك ئايان بولغاچقا، فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا قورۇنۇپقىنا كىردىم ـ دە، ئەڭ ئىچىدىكى ئۈستەلدە ئالدىراش ئىشلەۋاتقان مۇئەللىمگە يەر تېگىدىن قارىدىم. ئۇ مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپلا قايناپ كەتتى:

ـ ئۇكام سىز مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى بىلمەمسىز ياكى بۇ تۈزۈملەرنى ئويۇن قاتارىدا كۆرۈۋاتامسىز؟ ئوقۇش باشلىنغىلى بىر ئايمۇ بولمىغان تۇرسا، مۇشۇنچىۋالا كۆپ سەۋەبسىز دەرس قالدۇرۇپسىز، ـ ئۇ قولىدىكى يوقلىما قەغىزىنى ماڭا كۆرسەتكەچ، بىر قولى بىلەن يوغان جاھازلىق كۆزەينىكىنى ئوڭشىۋېلىپ يەنە سۆزلىدى، ـ ئەگەر مۇشۇنداقلا ماڭىدىغان بولسىڭىز مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، سىز پايتەختتىكى ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، بۇنداق ئىشلار سىزگە ياراشمايدۇ، ھەتتا بۇ توغرىسىدا بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ كايىپ سۆزلىشىنىڭمۇ ئورنى يوق، چىقىپ ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ، قالغىنىنى ئۆيىڭىزگە تېلېفون قىلىپ سۆزلەشسەم بولغۇدەك!

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيگە تېلېفون قىلىمەن دېگىنى مېنى سەل جىددىيلەشتۈردى، سۇ كەلگۈچە توغان سال دېگەندەك ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋالدىم:

ـ كەچۈرۈڭ مۇئەللىم، مەن راستىنلا خاتا قىپتىمەن، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس، ئاپامنىڭ مىجەزى يوق، دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقانىكەن، شۇ ئىشلار كاللامغا تەسىر قىلىپ دەرسكە ۋاقتىدا چىقالمىدىم. سىزمۇ ئاۋارە بولۇپ ئۆيگە تېلېفون قىلىپ يۈرمەڭ. ئۆيدىكىلەر ئۆز ھالى بىلەن تۇرغاندا يەنە مەن تۈپەيلى ئارتۇقچە ئەنسىرەپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلار ئەمدى سادىر بولمايدۇ.

بۇ گەپلەرنى خۇددى ئالدىن تەييارلىۋالغاندەك ھېچ ھودۇقماستىن ئۇستىلىق بىلەن دېدىم، ئوقۇتقۇچۇممۇ مېنىڭ سۆزلىرىمدىكى بىچارە ھالىمغا قاراپ سەل پەسكويغا چۈشتى ـ دە، بايىقىدىن يۇمشاقراق تەلەپپۇزدا يەنە بىرئاز تەربىيە ئىشلەپ، يولغا سالدى.

بۇ ئۆتكەلدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتىۋېلىپلا يەنە كونا سەنەمگە دەسسىگىلى تۇردۇم، قاراپ تۇرۇپ شۇنچە كۆپ پۇلنى مازارلىققا ياڭاق ئاتقاندەك تاشلىۋېتىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىغانىدى. ھېلىقى يەرگە يەنە داۋاملىق كىردىم، تاماق ئېلىپ يېيىشكىمۇ قورسىقىم ئاغرىپ، ئاچ ـ توق يۈرۈپ «بېلىقچى» بولدۇم، ئەمما ھالىم يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى.

ـ خەپ، ـ دېدىم ئىچىمدە، ـ بەگدەك خەجلەيدىغان پۇلدىن مۇشۇنداقلا ئايرىلدىممۇ؟ ياق! بۇ زىياننىڭ ئورنىنى چوقۇم تولدۇرىمەن.

بىر كەچلىكى تۈيۈقسىز كاللامغا يېڭى ئەقىل كەلدى، ئوقۇش پۇلى تۆلەش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ كارتىسىغا ئۇرىۋەتكەن 3000 يۈەن پۇل بار ئىدى، نېمىشقىكىن مەكتەپ بۇ پۇلنى تېخىچە ئۆز ھېساباتىغا تۇتىۋالمىغانىدى. نېرۋام بىردىنلا قىزىپ ئۇدۇل بانكىغا يۈگۈردۈم ـ دە، ئاۋۋال كارتىدىن 500 يۈەن پۇل چىقىرىپ ئۇدۇل «بېلىق توپى»غا يۈرۈپ كەتتىم.

ھەش ـ پەش دېگۈچە 300 يۈەن پۇل بېلىقلارغا يەم بولدى. ئاچچىقىمدا ماشىنىغا قەھرىم بىلەن بىرنى مۇشتلاپ، ياندا تۇرغان مۇلازىم بالىغا ۋارقىرىدىم:

ـ ھەي، ماڭا يەنە 200 يۈەنلىك تەڭگە ئەپكەل، يەنە بىر قاپ تاماكا، بىر بوتۇلكا گازلىق سۇ...

بۇيرىغان نەرسىلەر بىردەمدىلا ھازىر بولدى، گازلىق سۇنى ۋاقىدە ئېچىپ، گۈپپىدە بىر ئوتلىدىم، تاماكىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئوت تۇتاشتۇرغىنىمچە ئاچچىق ـ ئاچچىق شوراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، مۇلازىم قاچىلاپ تەييار قىلىپ قويغان 200 تەڭگىگە بېلىق ئېتىشقا باشلىدىم.

يا ھەزرەت! «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دېگەندەك، بېلىق تورىنى قانچە چوڭ تەڭشىسەممۇ تىرىشچانلىرىم بىكار بولدى. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى «پۇل قويار» يەردىن، بانكىغا قانچە قېتىم قاتىرىغىنىم يادىمدا يوق. كەچنى سەھەرگە ئۇلىۋەتكىنىمنىمۇ سەزمەپتىمەن. جۇۋازغا قاتقان كالىدەك ئىككى يەر ئارىسىدا پىرقىراپ يۈردۈم. نەچچە قېتىم مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقىسى دېدىمىيۇ، ئىچىمدىن بىرى: «ئوينا، ئوينا» دەۋاتقاندەك، ئىككى مۇرەمنىڭ ئۈستىدىكىسى مېڭە ئەمەس، خۇددى قاپاقتەك. شۇ قاپاق كاللا بىلەن يېڭى بىر قۇياشنى كۈتىۋالدىم...

سەھەر سائەت 6 لەر ئەتراپىدا، ياندا بىر پۇڭ پۇل يوق ھالەتتە ھېلىقى نەس باسقۇر يەردىن چىقتىم. بىر كېچە ئۇيقۇسىز ئولتۇرۇپ، جىددىيلىك ئىچىدە ئويۇن ئوينىغاچقىمۇ، پۇت ـ قوللىرىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىيتتى. كۆزلىرىم قىزىرىپ، ئالدىمنى بىر قەۋەت پەردە توسىۋالغاندەك ئارامسىزلىنىشقا باشلىغانىدىم. بىر كېچىنىڭ ئىچىدە ئۈچ قاپ تاماكىنى چېكىپ تۈگىتىپ، 5 ـ 6 قۇتا سۇنى قۇرۇقدىۋەتكىنىمنى ئاز دەپ، ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن 3000 يۈەن پۇلنىمۇ پاك ـ پاكىزە ئۇتتۇرىۋەتكەنىدىم.

ئېغىر قەدەملىرىمنى ئاران سۆرەپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىردىم. سەھەرچى ئوقۇغۇچىلار ئاللىقاچان سومكىلىرىنى ئېسىشقىنىچە چوڭ مەيداندا كىتاب كۆرىۋاتاتتى. ئۇلار

كــۆزۈمگه باشــقىچه غەمســىز كۆرۈنــدى. ياتاققــا كــىردىم، ياتاقداشـلىرىم تېخـى ئويغانمىغانـدى. ئۇلارمـۇ ئوخشاشـلا غەم ـ ئەندىشىسـىز هالـدا خـاتىرجەم يېتىشـىپتۇ. بىـر ـ بىرىـدىن تاتلىق ئۇخلاپ كەتـكەن بـۇ ياتاقداشـلىرىم، كېچىـدىن مېنىـڭ قىلغـان ئەتكەنلىرىمنـى، قـاق سـەھەردە بىـر پـۇك پۇلغـا خـار بولـۇپ، ئـاچچىق شـامال بىـلەن ناشـتا قىلىـپ، تـوڭلاپ ـ تىتـرەپ ئـاران كېلىـۋالغىنىمنى ئـۇخلاپ چۈشـىدىمۇ كۆرمـىدى ھەقىچـان. تىرىشـچان دوسـتۇم ۋارىـس بولسـا، ئۈسـتەل چىرىغىنىمـۇ ئۆچۈرۈشـكه ئۈلگـۈرمەي، قولـدا دەرسـلىك كىتابىنى چىڭ تـۇتقىنىچه ئۇيقۇغـا كېتىپتـۇ. مەن گويـا ئـۇلارنى تۇنجى قېتىم كۆرىۋاتقانـدەك تەپسىلى كۆزىتىـپ بىـر ھـازاغىچه ئولتۇرۇپ كەتـتىم. تۇساتتىن كـۆزۈم ئۈسـتەل ئۈسـتىدىكى مەن بىـر چاغـدا ۋارىسـقا بېرىـۋەتكەن نانغـا چۈشـتى. شـۇندىلا مەن قورسـىقىمنىڭ نەقەدەر ئېچىـپ كەتكىنىنـى ھـېس قىلـدىم. يۈگـۈرۈپ دېگـۈدەك ئورنۇمـدىن قوپتـۇم ـ دە، نانـدىن بىرنـى قولۇمغـا ئېلىـپ ئىشـتىھا بىـلەن يېيىشـكە باشـلىدىم. گەرچە نان سەل قېتىپ قالغان بولسىمۇ، شـۇ مىنـۇتلاردا ماڭـا بالـدەك تـاتلىق بىلىنمەكـتە ئىـدى. نەچـچە ۋاقىتـتىن ئـۆزۈمگە يـۈك، مېڭىش ـ تۇرۇشـۇمغا كاشـىلا بولغـان نـان ماڭـا ئـائىلەمنى، مېهرىبـان ئاپـامنى ئەسـلەتتى. بىچـارە ئاپـام ماڭـا ئۆيـدىن ئايرىلغـاننى بىلىنـدۈرمەيمەن دەپ خېمىـر يۇغـۇرۇپ، ھارارەتلىـك تونۇرغـا قـانچە قېـتىملاپ ئېڭىشـىپ ياققـان بولغىيـدى ھە ؟ ئاقارغـان چـېكە چاچلىرىـدىن قانچىسـى پەرزەنت ئوتىدا كۆيدى؟ نامى ئـاددىي، ئەمما ئـۆزى ئۇلـۇغ شـۇ نانغـا ئاشـۇ مېهـنەتكەش ئانىلىرىمىزنىـڭ قانچىلىـك ئەجـرى سىڭدى؟ مەن بـۇلارنى ئەمـدى ھـېس قىلىشـقا باشـلىغانىدىم. ئـوي ـ پىكـرىم چىگىشلىشـىپ، زېهـنىم بۆلۈنـدى. بىـر مـۇنچە پـۇلنى ئۇتتۇرىۋەتكەنـدىن ئۆتەئاتـا ـ ئانامنىـڭ مىـڭ بىـر مۇشـەققەتتە ھـالاللاپ تاپقـان پۇلىغـا گۇنـاھ ئىشـلارنى قىلىـپ قويغىنىمدىن يۈرىكىم ئېچىشتى. تۇرقۇمغا، ھالىمغا قـاراپ ئـۆز ـ ئـۆزۈمگە ئىچىـم ئاغرىـدى. بوغـۇزۇم ئېچىشـقاندەك بولـۇپ، نـاننى ئىككـى قولـۇم بىـلەن چىـڭ سـىقىملاپ چىشـلىدىم. لىغىلـداپ تۇرغــان كۆزلىرىمـدىن، ياشـلىرىمنىڭ سـىرغىپ چۈشىۋاتقانلىقىنى سەزمەيلا قاپتىمەن...

***مۇھەررىر: تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009)***

***كوررېكتور: نۇرىمانگۇل (2011)***

# ھايات شۇنداق چېقىلغان چاقماق

**مەۋلان ھۆسەنجان (2012)**

ھايات شۇنداقچېقىلغان چاقماق،
كۆلدۈرۈپ شۇنداق قىلىدۇ ئاخماق.
يىغلىغان بۆگۈن، يىغلىماس مەڭگۈ،
كۆلگەنلەر قېنىپ كۆلەلمەس ئۇزاق.

ھايات شۇنداق چېقىلغان چاقماق،
بىردە كۆتۈرۈپ تاشلايدۇ شۇنداق.
يېقىلغان بۆگۈن، يېقىلماس مەڭگۈ،
مەن ساق دېگەنلەر تۇرمايدۇ ساپساق.

ھايات شۇنداقچېقىلغان چاقماق،
يىغلىتىپ سېنى قىلىدۇ چاقچاق.
بۆگۈنيولۋاس ئۇ، بولمايدۇ مەڭگۈ،
مەن شىردېگەنلەر بىر كۆنقوزىچاق.

ھايات شۇنداق چېقىلغان چاقماق،
لەززىتى كۆپتۇر، دەردىمۇ شۇنداق.
ھەسرەت چەككەنلەر چەكمەيدۇ مەڭگۈ،
شادلىق باشىدا كۆرۈنمەس تاياق.

ھايات شۇنداق چېقىلغان چاقماق،
ئەركىلىتىپ ئۇ چوڭ قىلار ئوماق.
كۆندە خۇش چىراي كەلمەيدۇ لېكىن،
ھايات سىنايدۇ بىزنى مۇشۇنداق.

***مۇھەررىر: خۇرشىدە سەمى (2009)***

***كوررېكتور: نۇرىمانگۇل (2011)***

# ئىلىم يىغىندىكى هارماس بىر جۇۋىلەر

(زىيارەت خاتىرىسى)

نۇربىيە (2011 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)، ئىسمايىل ھېكىم (2009)



ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، نۆۋەتتە ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، كىشىنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلمەكتە. بۇ نەتىجىلەرنىڭ بەزىلىرىنى مىللىتىمىز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز جاپالىق ئەمگەك نەتىجىلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىمۇ بۇ ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەككە سىڭىشىپ كەتكەن. يەر شارىلىشىش كۈچىيىپ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ رولىغا تېخىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. نۆۋەتتە تىل جەھەتتىكى قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان ئالىملىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى پەقەت دۆلەت ئىچىدىلا ئېلان قىلىنىش بىلەن چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان چەتئەللىك ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتە ئوينايدىغان رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى» نىڭ ئامېرىكىلىق تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى داۋىد ئەپەندى يېقىندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قىزىقىدىغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان، تەتقىق قىلىشقا ئىنتىلىدىغان چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بېيجىڭغا كەلگەندىن بۇيان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قىزىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بۇ ھەقتە توختىماي ئىزدەنمەكتە. ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم شۇ مىللەتنىڭ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن داۋىد ئەپەندى يېشىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي، بېيجىڭغا كېلىپلا مەكتىپىمىزدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىپ، قەيسەر تىرىشچانلىقى بىلەن ھازىر خېلى ياخشى بولغان ئۇيغۇر تىل سەۋىيەسىنى ھازىرلىۋالدى. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر

چۈشىنىش مەقسىتىدە 2010 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋە 2011 ـ يىلى يازدا شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىگە بېرىپ، خەلق ئارىسىغا چۆكۈپ جەمئىيەت تەكشۈرۈش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ھەقتىكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى يېقىندا «مىللەتلەر مۇنبىرى» (خەنزۇچە)ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى، يەنە ئىككى پارچە ماقالىسى مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىز داۋىد ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش يولىدىكى تەسىراتلىرى بىلەن ئورتاقلىشىش، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كەڭ كىتابخانلارغائۇقتۇرۇش، ئەڭ مۇھىمى داۋىد ئەپەندىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش جەريانىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئوقۇرمەنلەرنىخەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە داۋىد ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئېلىزابىت ئومىسنى زىيارەت قىلدۇق.

**ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى چىقىرىپ بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزگە ئىشتىراك قىلغانلىقىڭلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. سۆھبىتىمىزنى باشلاشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن بولساڭلار؟**

سىلەرگىمۇ كۆپ رەھمەت. ئىسمىم داۋىد. 1938 ـ يىلى نيۇيوركتا تۇغۇلغان، 1971 ـ يىلى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق دوكتورى ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن، 1975 ـ يىلغىچە نيۇ يورك ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق دەرسى بەردىم. كېيىن سان فىرانسىسكودا ھۆكۈمەت ئورگىنىدا ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا ئاساسلىق قاتناش، سەھىيەگە ئائىت سانلىق مەلۇمات تۇپلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.

تولۇق ئىسىم فامىلەم ئېلىزابىت ئومىس. ئامېرىكىنىڭ يېڭى جېرسى شىتاتىنىڭ يورك دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. بۇرۇن روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا سېستىرا ئىدىم. 2011 ـ يىلى داۋىد بىلەنبىللەبېيجىڭغا كەلدىم.

**ھازىرقى تەتقىقات ئەھۋالىڭىز ھەققىدە قىسقىچە چۈشەندۈرۈش بەرگەن بولسىڭىز ؟**

**داۋىد:** ھازىر مەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئاساسلىق تەتقىقات يۆنىلىشى قىلىپ تاللىدىم. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كەسىپ ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى تاللىشى ۋەقەشقەردىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەققىدە يازغان ماقالەم پۈتۈپ ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. ھازىر ئۇيغۇر بايراملىرى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتىمەن، ئۇيغۇر بايراملىرى ئىچىدە نەۋرۇز بايرىمى ئەڭ دىققىتىمنى تارتتى.

**بېيجىڭغا كېلىشىڭىزگە نېمە سەۋەب بولدى؟ بېيجىڭنى ياقتۇردىڭىزمۇ؟**

**ئېلىزابىت:** مەن بۇرۇندىنلا باشقا دۆلەتلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق ئائىلىدىكى مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ۋاقتىنچە بۇ ئارزۇلارنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرغان. 2007 ـ يىلدىن2011 ـ يىلغىچە قىزىمنىڭ بالىسىغا قارىشىپ بەردىم، نەۋرەممۇ چوڭ بولۇپ قىزىم ئۆزى يېتىشەلەيدىغان بولدى. ئويلاپ باقسام ئارام ئالىدىغان ۋاقتىممۇ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋىد بىر يىلدىن بېرى بېيجىڭدا ئىدى، شۇ سەۋەپتىن بېيجىڭغا كەلمەكچى بولدۇم. بۇرۇندىن چوڭ شەھەردە ياشاشنى ياقتۇراتتىم، شۇڭا بېيجىڭغا ناھايىتى تېزلا كۆنۈپ قالدىم. تاماقلىرىمۇ بولىدىكەن، ئەڭ مۇھىمى سىرتقا چىققاندا ماشىنا ھەيدەشنىڭ ھاجىتى يوقكەن، قاتنىشى بەك قولايلىق ئىكەن.

**نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى تاللاپ قالدىڭىز؟ مۇشۇ ھەقتىكى ئويلىرىڭىز ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

**داۋىد:** مەن دوكتورلۇق ماقالەمنى يېزىش ئۈچۈن ئىستانبۇلدائالتە يىل تۇرغان. بۇ جەرياندا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى دىققىتىمنى تارتقان، ئەسلى شۇ چاغدائۇنىۋېرسىتېتتا مۇشۇ تېمىنى تەتقىق قىلىش ئىستىكى تۇغۇلغان، بىراق كېيىن ھۆكۈمەت ئورنىدا ئىشلەپ تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. كېيىنبېيجىڭغا كېلىپ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېنگلىزتىلى ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم، بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلارنىڭ تۈرك تىلىغا يېقىن تىلدا سۆزلەيدىغانلىقى ھەم مەدەنىيىتىنىڭمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ياشلىقتىكى ھەۋىسىم قايتا قوزغالدى. شۇڭلاشقا، پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئۆزۈم ھەقىقىي قىزىققان تەتقىقاتىمنى باشلىۋالدىم.

**ئاڭلىساق ھازىر خەنزۇچە ئۆگىنىۋېتىپسىز، تىل ئۆگىنىش جەريانىدىكتەسىراتىڭىز قانداقراق؟**

**ئېلىزابىت:** تىل ئۆگىنىش ھەم قىزىقارلىق ھەم قىيىنكەن، خەنزۇچە خەتلەرنى تەلەپپۇز قىلىش بەك تەسكەن، لېكىن شۇنداقتىمۇ مەن ھازىر بېيجىڭدا ياشاۋاتىمەن، ئەگەر خەنزۇتىلىنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆگىنىۋالسام ئۆزۈمگىمۇ قولايلىق بولىدۇ ھەم كۆڭلىرىم تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۆزۈمگە جەڭ ئېلان قىلىپ خەنزۇتىلى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرىمەن.

**بېيجىڭغا كەلگەندىن بۇيان شىنجاڭغا بېرىپ كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟**

**داۋىد:** ئەلۋەتتە، شىنجاڭغا بارماي تۇرۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش مۇمكىنمۇ. مەن بېيجىڭغا كەلگەندىن بۇيان شىنجاڭغا ئىككى قېتىم باردىم. بىرىنچى قېتىم 2010 ـ يىلى ئۆكتەبىردە باردىم، ئىككىنچى قېتىم 2011 ـ يىلى يازدا قەشقەردە ئىككى ئاي تۇردۇم.

**داۋىدنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە قانداق قارايسىز؟ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟**

**ئىلزابىت:** ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشى بولىدۇ، شۇڭا داۋىدنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىمەن. مەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت جىق نەرسىلەرنى بىلمەيمەن، ئۇيغۇرلاردىن تونۇيدىغىنىممۇ ساناقلىق، ئادەتتە پەقەت داۋىدنىڭ ماقالىلەرنى رەتلەپ ئۇرۇپ چىقىشىغا ياردەم قىلىمەن، شۇ جەرياندا بايقىغان بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، مېنىڭ قىلالايدىغانلىرىم شۇنچىلىك. باشقا جەھەتتە مەن يەنىلا ئامالسىز، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشىمغا توغرا كېلىدۇ.

**قەشقەردە قانداق تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردىڭىز؟ تەكشۈرۈش جەريانىدا قانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىدىڭىز؟**

**داۋىد:** قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن دەسلەپتە تەرجىمانىم ھەم ياردەمچىم ئابدۇۋاھاب بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. ئۇ مېنى قەشقەر شەھىرىدىكى مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك كوچىسىغا ئاپاردى، ئۇنىڭ خەنزۇتىلى ۋە ئىنگلىزتىلى سەۋىيەسى ياخشى بولغاچقا كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىدا ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولغاچقا ئانچە قىينىلىپ قالمىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قانچە ئۇيغۇر دوستلارمۇ ماڭا يېقىندىن ياردەم قىلدى. مۇشۇ پۇرسەتتە بۇ يەردە ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

**قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنكى تەسىراتىڭىز قانداق؟ مۇشۇ ھەقتە ئورتاقلىشىپ باققان بولساق؟**

**داۋىد:** ئىستانبۇلدا تۇرغان چاغلىرىمدا 30 ياشلار ئەتراپىدا ئىدىم. ئارىدىن شۇنچە يىل ئۆتۈپتۇ، شۇنداقتىمۇ قەشقەرگە بارغاندا ئۆزۈمنى ياشلىققا قايتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. قەشقەردە ياشلىقىمنى تېپىۋالغاندەك بولدۇم. بىكار ۋاقىتلىرىمدا قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسى ۋە تاشقورغانغا بېرىپ كەلدىم، مۇشۇ كەمگىچە ئەزەلدىن ئۇنداق ئېگىز تاغلارغا چىقىپ باقماپتىكەنمەن، نەپەسىم يېتىشمەيۋاشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم. شىنجاڭغا بارغاندا ئۇيغۇر تاماقلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدىم.

**شىنجاڭدا تەكشۈرۈش جەريانىدا يەنە باشقا بايقىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ بۇ ھەقتە سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟**

**داۋىد:** ھېس قىلىشىمچە ئۇيغۇرلاردىكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى يوقلىشى گەۋدىلىك ئىكەن. بۇنى ئۇلار ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ يېتىپتۇ. كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. مەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقات ساھەسىگە كىرىشكىلى تېخى ئۇزۇن بولمىدى. يەنە كېلىپ بۇ جەھەتتىكى بىلىمىم يېتەرلىك ئەمەس. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. چۈنكى، بۇ بەك مۇرەككەپ مەسىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ھەقتە توختىماستىن ئىزدىنىشىمگە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىمىشىغا توغرا كېلىدۇ.

**ئاڭلىساق ياشىنىپ قالغىنىڭىزغا قارىماي ئۇيغۇرتىلى ئۆگىنىۋېتىپسىز، ئۇيغۇرتىلى ئۆگىنىشىڭىز ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

**داۋىد:** مەن بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر باللار بىلەن تونۇشۇپ ئۇيغۇرتىلى ئۆگىنىشنى باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولغاچقا تىل ئۆگىنىش ھەققەتەن تەسكە توختايدىكەن. ھازىر ئۇيغۇر تىلىنى ئازراق ئوقۇيالايمەن، ئاڭلاپ چۈشىنەلەيمەن، بىراق تەستە سۆزلەيمەن. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى قارار قىلغاندىلا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنى قارار قىلغان ئىدىم. بۇرۇن تۈرك تىلى ئۆگەنگەچكە خىلى ئىتتىك ئۆگەنىدىم دەپ قارايمەن، لېكىن يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، تۈرك تىلىنى 40 يىل تاشلىۋېتىپتىمەن، شۇڭاكۆپ كۈچ سەرپ قىلمىسام بولمايدۇ.

**نۆۋەتتە جەمئىيەتشۇناسلىق پېنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۈنسايىن تەرەققى قىلىۋاتىدۇ. جەمئىيەتشۇناس بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيەتشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرنى ئوقۇپ تۇرامسىز؟**

ئۇيغۇرلارغا ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرىنى كۆپ ئوقۇدۇم، بىراق ئۇيغۇرچە سەۋىيەم يەتمىگەچكە، يەنە كېلىپ خەنزۇتىلىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئاساسەن ئىنگلىزتىلىدا يېزىلغان ماقالىلەرنى ئوقۇدۇم. مۇشۇ سەۋەپتىنمىكىن بىلمىدىم، ئۇيغۇر جەمئىيەتشۇناسلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس، پەقەت ئىككىنى بىلىمەن. بىرى ئايشەم ئەلى، يەنە بىرى نەبىجان تۇرسۇن. راستىنى ئېيتسام بۇلار توغرۇلۇقمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيمەن.

**يېقىندا داۋىد بىلەن قەشقەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچىبولۇۋېتىپسىلەر، سىز قەشقەردىكى كۈنلىرىڭىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرماقچى؟**

**ئىلزابىت:** ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى بىرنى قويماي ئارىلاپ چىقسام

دەيمەن. يەنە قەشقەرنىڭ كوچىلىرىنى ئايلانغۇم، ئۇيغۇر تاماقلىرىنى يېتىپ باققۇم بار.

**بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانىڭىز قانداق؟ مۇشۇ ھەقتە قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

**ئىلزابېت:** كېيىنكى پىلانىم داۋاملىق ساياھەت قىلىش. مەن ئۆزۈمنى يەر شارىنىڭ پۇقراسى دەپ ھېسابلايمەن، شۇڭا، ئەگەر شارائىت بولسا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ، يېڭى شەيئىلەر بىلەنتونۇشۇشۇم، ئۆزۈم ياشاۋاتقانيەرشارىنى تېخىمۇ ياخشىچۈشىنىشىمكېرەك.

**ئاخىرىدا سىزنىڭ ياش قىزلارغا دەيدىغان يۈرەك سۆزلىرىڭىز بارمۇ؟ مۇشۇ ھەقتىكى يۈرەك سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققان بولساق؟**

**ئىلزابېت:** مەن ئامېرىكىلىق، سىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا مەدەنىيەت ۋە تىل جەھەتتە پەرقلەر ناھايىتى كۆپ، شۇنداقتىمۇ بىر ئانا ھەم بىر ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىر قانچە تەكلىپ بېرىپ ئۆتسەم:

بىرىنچىدىن، ئۆز ئارزۇيۇڭلاردىن ۋاز كەچمەڭلار. مەن قىز بالا، ئاجىز دەپ بەل قويۇۋەتمەڭلار، ئارزۇيۇڭلاردىن ۋاز كەچكىنىڭلار ئۆزۈڭلاردىن ۋاز كەچكەنگە باراۋەر.

ئىككىنچىدىن، مەلۇم بىر كەسىپنى پۇختا ئىگەللەپ قويۇڭلار. ئائىلەڭلار ۋە بالاڭلار بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىزدىنىڭلار. ئەلۋەتتە، قىزلار ئۈچۈن ئائىلە بىلەن پەرزەنت بەك مۇھىم، بىراق ئۆگەنگەن بىلىمڭلار سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كەلگۈسى ھەمراھىڭلارنى تاللىغاندا ئەخلاقلىق، مەسئۇلىيەتچان يىگىتلەرنى تاللاڭلار، تاللاپ بولغاندىن كېيىن ئۆزگەرتىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭلار، قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ.

ئاخىرىدا دەيدىغىنىم تېجەشلىك بولۇڭلار، ھازىردىن باشلاپ ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل يىغىپ مېڭىڭلار، ياش چاغدا ئادەمدە كۈچ ۋە جاسارەت بولىدۇ، ھەممە ئىش



ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىراق قېرىلىقتىكى مۇھتاجلىق يامان. ياشلىقتا يىغساڭلار قېرىغاندا قىينالمايسىلەر.

ئاخىرىدا سىلەرنىڭ زىيارىتىمىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ بىزنى قوللىغانلىقىڭلارغا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، تېنىڭلارنىڭ سالامەت، تۇرمۇشۇڭلارنىڭ كۆڭۈللۈك، ئىشلىرىڭلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا، بۇ قېتىمقى قەشقەردىكى ساياھىتىڭلارنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا چىن قەلبىمىزدىن تىلەكداشمىز.

مانا شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىز غەلبىلىك ئاياغلاشتى. بىز مۇشۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، پەقەت سىز تىرىشسىڭىزلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. كونىلاردا: «كۆڭۈل قويغان ئادەمگە، قىيىن ئىش يوق ئالەمدە» دەيدىغان ماقال ـ تەمسىل بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ياش دوستلىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى ئۈچۈن ۋاقىتنى قەدىرلەپ تىرىشىپ ئۆگىنىشىنى، كۈنلىرىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىگە يۈز كېلەلەيدىغان بولۇپ ياشىشىنىئۈمىد قىلىمىز. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىز جەمئىيىتىمىزدىكى كەڭ ياش دوستلارغا ئاز ـ تولا ئىلھام، مەدەت بېرەلىسە بىز قىلغان ئىشىمىزدىن تولىمۇ خۇرسەن بولغان بولاتتۇق، ئەلۋەتتە.

*مۇھەررىر: ئالىمجان توختى (2009)*

*كوررېكتور: نۇربىيە ئابلا (2009)*

# ۋاقىت

(مۇھاكىمىلىك نەسىر)

## زۇلپىيە ئابلىكىم كۆكلەمى (2012)

دۇنيادا تولىمۇ يېقىملىق بىر ئاۋاز بار، ئۇ بولسىمۇ ۋاقىتنىڭ تىۋىشى چىك... چىك... چىك....

يەنە شۇنداق يېقىملىق ئاۋاز بار، ئۇ بولسىمۇ ھاياتنىڭ تىۋىشىدۇك... دۇك... دۇك...

سائەت ـ ۋاقىت، يۈرەك ـ ھايات دېمەكتۇر. بەلكىم ھايات مۇشۇ ئىككى تىۋىش رەۋىشىدە داۋاملاشسا كېرەك. مەيلى قانداقلا بولسۇن ۋاقىت چەكسىز، چۈنكى ھاياتلىقنىڭ سائىتى مىليون يىل مابەينىدە چىكىلداشتىن توختىغىنى يوق ھەم توختاپ قالمىغۇسى!

ھايات چەكلىك، چۈنكى ئۇ مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە بولىدۇ. ھايات چەكلىك، چۈنكى ۋاقىت ئەڭ ئادىل خاتىرىلىگۈچىدۇر.

ۋاقىت ـ ھەممىگە قادىر بولسا كېرەك، چۈنكى تۇرمۇشتا ھەممە نەرسە ۋاقىت بىلەن ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر ۋاقىتقا ھەرخىل مۇئامىلە قىلىدۇ، بەلكىم ۋاقىتنىڭ قىممىتى شۇ بولسا كېرەك.

ۋاقىت ـ ئۇ ئۆتمۈش. ئاتقان تاڭلار، ئۆتكەن كۈنلەر ئۇنىڭ مىسالىدۇر. ئۆتۈۋاتقان ھەربىر سېكۇنت، ھەربىر كۈن ئۇنىڭ چىكىلدىشىغا ئەگىشىپ كالېندارنىڭ تۈنجى بەتلىرىنى ۋاراقلايدۇ. ئەتە بۈگۈنگە، ھازىر ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ. ئەمما ئىنسان شۇنداق بىر مەخلۇقتۇركى، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەربىر دەقىقىنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنى مەنىسىز ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىۋېتىدۇ. ئۆزىنى ئەقىل ـ پاراسەت بابىدا تەڭداشسىز، ھەممىگە قادىر ھېسابلايدۇ ـ يۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن بىر دەقىقە ۋاقتىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئامالسىز بىچارە قالىدۇ. بەزىدە ۋاقىتقا زارلايدۇ، باللىقىغا، ياشلىقىغا قايتقۇسى كېلىدۇ ـ يۇ، ھازىرنى، بۈگۈننى، مۇشۇ مىنۇت، مۇشۇ دەقىقىنى قەدىرلەشنى ئويلاشمايدۇ. ماھىيەتتىن ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ قىممىتى ئىنسانلارنى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىغا پۇشايمان قىلدۇرالىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ھەربىر مىنۇت، ھەربىر دەقىقىنى قەدىرلەشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ھايات ـ قەدىرلىك، ۋاقىت ـ قىممەتلىكتۇر. ھاياتنىڭ قىممەتلىكلىكىنى، ۋاقىتنىڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىكلىكىنى پەقەت ياشاپ تۇرۇپ ئاندىن ھېس قىلىمىز. ئۆتۈپ كەتكەن ھەربىر كۈن ئەبەدىي قايتماس ئۆتمۈشكە، قايتا تىرىلمەيدىغان مۇردىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ۋاقىت، ھايات ئاقار يۇلتۇزلاردۇر. ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ھاياتنىڭ ھەربىر مىنۇت، ھەربىر دەقىقىلىرىگە ئىگە بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن بەھىر ئېلىش ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك بۇرچىغا ئايلانغان.

بەزىلەر ئېيتىدۇ: « ۋاقىت ـ ھايات، ۋاقىت ـ غەلىبە. » يەنە بەزىلەر ئېيتىدۇ: «ۋاقىت ـ تۈنۈگۈن، بۈگۈن ياكى ئەتە. » مەيلى قانداقلا ئويلايلى ئۆتمۈش ياكى كېلەچەك، كېيىنلىكتىكى غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت بىز ئۈچۈن مەۋھۇم نەرسە. ئەمما بىزگە بىردىن بىر ئېنىق



بولغىنى شۇكى «بۈگۈن» ۋە «ھازىر».

نەچچە مىڭلىغان بۈگۈننى، ھازىرنى قەدىرلەش ھاياتنى قەدىرلەشنىڭ مىسالىدۇر. كىشىلەر بەختنى سىرلىق، ئېرىشىش تەس مەۋھۇم نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە بەخت ھامان ئىنساننىڭ ئەتراپىدا پەرۋاندۇر. بەخت ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغىنىغا ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى ئېرىشكەنلىرىنى قەدىرلەش دېمەك. ئۆزىڭىزنىڭ ھەربىر مىنۇتىنى قەدىرلەڭ، چۈنكى ئۇ سىز ئىگە بولغان قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بايلىق ھەم سىزنى ھەممىگە ئېرىشتۈرگۈچى ۋە ھەممىدىن قۇرۇق قويالىغۇچىدۇر.

سائەت چىكىلداۋاتىدۇ، چىك... چىك... چىك.........

يۈرەك سوقۇۋاتىدۇ، دۈك... دۈك... دۈك...........

ھەممە ھەرىكەتتە، ھەممە رىقابەتتە. مەنمۇ، سىزمۇ ھەرىكەت قىلىشىمىز ھەم غەيرەت قىلىشىمىز كېرەك. تۇرمۇش ئاسمىنىدا بەخت قاناتلىرىنى قېقىپ ئەركىن پەرۋاز قىلىشىمىز، تارىخ ئاسمىنىدا قۇياش كەبى لاۋۇلداپ نۇر چېچىشىمىز، شىجائەتلىك، جاسارەتلىك ھەم پەم ـ پاراسەتلىك بولۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇندىن ئەتىۋار ۋاقتىمىزنى گۆھەر كەبى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت، پۇرسەت ئىچىدىن پۇرسەت تېپىپ ھايات مەشئىلىنى لاۋۇلدىتىشىمىز كېرەك. ۋاقىت ئۇ ھەقىقىي مۆجىزە ياراتقۇچىدۇر. ئەتە ئۈچۈن تىرىشىڭ، چۈنكى ھەرقانداق غەلىبە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانلارغا ئەمەس، بەلكى ھەربىر مىنۇتنى قەدىرلىگەنلەرگە مەنسۇپ. ھەقىقىي ۋاقىتمۇ ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەنلەرگە ئەمەس، بەلكى ھارماي ـ تالماي ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ. شۇنى بىلىپ قالغىنكى سەن ۋاقىتنى قەدىرلىسەڭ، ۋاقىتمۇ سېنى قەدىرلەيدۇ. چۈنكى قەدىرلىكلەر ھامان قەدىرلىگەنلىكى ئۈچۈن قەدىرلىكتۇر.

*مۇھەررىر: ئاينۇر ئوبۇل (2010)*

*كوررېكتور: مەرۋايىت مەمەتئابدۇللا (2011)*

# بىلىنمىغان مۇھەببەت

(ھېكايە)

**سابابەتگۈل مۇھەببەت (2011)**

سۆيگۈسىز ھايات ھايات ئەمەس، سۆيگۈسىز ھايات ئۆتكۈزۈش مۇنداقلا ھايات ئۆتكۈزۈشتۇر. سۆيگۈسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس، دەل شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئادەمگە يۈرەك بېرىلگەن.

—— م. گوركىي

ـ مۇيەسسەر! لېفىت كەلدى، چاققان بول!

ـ ھە، مانا !

ئالدىراش ئىچىۋاتقان چېيىمنى تاشلاپ، سومكامنى ئېلىپ كارىدورغا قاراپ يۈگۈردۈم. ھەرنېمە بولسا لېفىتقا ئۈلگۈرۈپتىمەن. ئاران دېگەندە لېفىتتىن قىستىلىپ چىقىپئايگۈزەل بىلەن سىنىپقا قاراپ يۈگۈردۈم.

— يۈگۈر مۇيەسسەر! پەلەمپەيدىن چىقايلى، بولمىسا كېچىكىپ قالىمىز !

— ۋايجان!!!توققۇزىنچى قەۋەتكە چىقىپ بولغىچە ئۆپكەم ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكىلى ئاز قالدى، پۈتۈم ئۆزۈمنىڭكىگە ئوخشىمايلا قالدى! ئۇھ.... ! سىنىپقا كەينى ئىشىكتىن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئاران كىرىپ ئەڭ كەينىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇق. دېمىمنى ئېلىپ ئاستا بېشىمنى كۆتۈرگىنىمدە، ساۋاقداشلار ھەممىسى بىز ئىككىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. مۇئەللىممۇ بىزنى ساقلاۋاتقاندەك قول قوشتۇرۇپ مۇنبەردە بىزگە قاراپ تۇراتتى. سىنىپ باشلىقى بىزگە قاراپ باشقىچە كۈلۈپ قويۇپ مۇئەللىمگە:

— ئەمدى تولۇق بولدى، مۇئەللىم ـ دەپ دوكلات قىلدى.

ئىشقىلىپ بىز بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك. چۈنكى سىنىپتا دەرسكە كېچىكىپ كىرىدىغانلاردىن بىزدىن باشقا يەنە كىم بار؟

مۇئەللىممۇ بىزگە قاراپ قويۇپ، گەپ ـ سۆزسىزلا:

— ھە، ئەمىسە دەرسىمىزنى باشلاپ كەتسەك، بۈگۈن ئۆتمەكچى بولغان دەرس... ـ دەپ دەرسنى باشلىدى. ئايگۈزەل بىلەن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ ئاغزىمىزنى ئۆمچەيتىپ قويۇپ كىتابلىرىمىزنى ئالدۇق.

مەن كىتاب ئالغاچ ئوغرىلىقچە ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان بادام دوپپىلىق يىگىتكە قارىۋالدىم. ئۇنىڭ ماڭا بىر قاراپ قويىشىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن ئۇنداق بولمىدى. بىلىمەن، ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر بېرەلمىدىم. چۈنكى مەن دائىم دەرسكە كېچىكىپ كىرىمەن. مۇئەللىم سوئال سورىسا جاۋاب بەرمەك تۈگۈل نېمىنى سوراۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالماي بېزىرىپ قاراپ تۇرىمەن. نەتىجەممۇ دېگەندەك ياخشى ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى مەن بەك چىرايلىقمۇ ئەمەس. شۇنداق تۇرسام مەن يەنە ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايتتىممۇ؟ ھەي...

زېرىكىشلىك تۆت سائەت ئاخىرى ئۆتۈپ كەتتى. بۇ تۆت سائەتتە بىردەم ئۇخلاپ، بىردەم يالغاندىن دەرس ئاڭلىغان بولۇپ ۋاقىتنى ئاران تەستە ئۆتكۈزدۈم. گەرچە ھېلىقى يىگىت ماڭا قاراپمۇ قويمىسىمۇ، مەن يەنە ئۇنىڭدىن ھېچ كۆزۈمنى ئۈزەلمەيتتىم.

ئۇنىڭ ئىسمى مەردان ئىدى. سىنىپقا تۇنجى قېتىم كىرىپلادوستانە مۇئامىلىسى، مەرد، ئاقكۆڭۈل، خۇي ـ پەيلى بىلەن سىنىپىمىزدىكى خېلى ـ خېلى قىزلارنىڭ يۈرىكىگە ئاشىقلىق ئوتى تۇتاشتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سېھرى كۆچكە ئىگە بىرجۈپ كۆزى، قاراشلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، گەپ سۆزلىرى قىزلارنىڭ سۆز تېمىسى بولاتتى، قىزلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. مەنمۇ شۇ قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدىم. لېكىن ئۇنىڭ دەرس باشلىنىپ كەتسە ھېچنىمە بىلەن كارى بولماي پەقەت

دوسـكا، مـۇئەللىم ۋە كىتـابتىن باشـقىنى ئويلىمايـدىغان مـەجەزى مېنـى باشـقىچىلا قىلىـپ قويغـان ئـىدى. خـۇددى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش بىـر چۈشـتەك، ئۇنىـڭ بىـلەن بولغـان ئـارىلىقىم شـۇنداق يىـراقتەك تـۇيۇلاتتى. ئەممـا دەرسـتىن چۈشـكەندىن كېـيىن ئۇنىـڭ بـاللار بىـلەن قىـزغىن پاراڭلىشـىپ كېتىشـى مېنـى تېخىمـۇ باشـقىچە قىلىـپ قويـاتتى. بولۇپمـۇ سـىنىپىمىزدىكى قىـزلار بىـلەن بەكمـۇ ئېچىلىـپ پاراڭلىشىشـلىرى، لـېكىن ئـۇ ئەزەلـدىن مەن بىلەن ئـۇنچە قىـزغىن پاراڭلىشـىپ كەتمەيتتى. بـۇ مېنىـڭ ھەسـەت ئوتـۇمنى تېخىمـۇ ئۇلغـايتىۋېتەتتى. شـۇ قىزلارغـا سەت ئالىيىپ قويـۇپ يىراق كېتىشلا قولۇمدىن كېلەتتى ۋە شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولاتتىم.

ئاخىرى دەرستىن چۈشتۇق. قاتتىق غەيـرەتكە كېلىـپ، دەرسـخانىدا ھەممىنىـڭ كەينـىدە قالغـان بولـۇپ ئۇنىـڭ بىـلەن نەچچە ئېغىـز پاراڭلىشىۋېلىشنى كۆڭلـۈمگە پـۈككەن ئىدىم. بىـراق، قېرىنشـقاندەك گۈلسـىمە مېنىـڭ ئېغىزىمنى ئاچقۇزمايلا كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭغا غىلجىڭلىغىلى تۇردى.

ـــمەردان، چۈشلۈك تاماقنى نەدە يەيسىز؟ ـ دېدى ئـۇ كىتـابلىرىنى يىغىشـتۇرۇپ بولـۇپ مەردانىنىـڭ ئالـدىغا كېلىپ.

ـ مەكـتەپ سـىرتىدىكى ئاشـخانىدا يەيمىكـىن، قانداق؟ ـ دېدى مەردان گۈلسىمەگە كۈلۈپ قاراپ.

ـــ مەنمـۇ شـۇيەردە يېسـىمەكچىتىم، قـارىڭە مـا پـاتەكلەرگە، مېنـى قويـۇپلا چىقىـپ كەتكىنىـنى. بىلـلە يەمدۇق؟

مەردانىنىـڭ ھەر ئـىنچىكە ئىشـلىرىغا كۆزەتچىلىـك قىلىدىغان كـۆزلىرىم گۈلسـىمەنىڭ خېلىـدىن مەردانغـا تامـا ساقلاپ تـۇرغىنىنى ماڭـا دوكـلات قىلىـپ بولغـان ئـىدى. گۈلسىمە مەردانىنىـڭ «ماقۇل» دېگەن گېپىنى تەقەززالىـق بىـلەن كۈتـۈپ تـۇراتتى. گۈلسـىمە مەنـدىن چىرايلىـق، مەندىن ئەقىللىـق، مەنـدىن ئىقتىـدارلىق قىـز. ئـۇ ھەرگىزمۇ مەنـدەك دەرس ۋاقتىـدا ئـوخلاپ قالمايـدۇ، مۇئەللىمنىـڭ سـوئالىغىمۇ ناھـايىتى قايىـل قىلارلىـق جـاۋاب بېرىـدۇ. بۇنـداق ھەم چىرايلىـق ھەم ئەقىللىـق قىزنىـڭ تەلپىنـى كىممۇ رەت قىلالىسۇن ؟

مەن ئۇلارنىـڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ھەرگىزمۇ بىـر ۋاق تامـاق بىـلەن توختـاپ قالـدىغانلىقىغا ئىشـەنمەيتتىم. ئۇنىـڭ «ئاكتىپلىقى»غـا ھەسـەت قىلاتـتىم. مەردانمـۇ كىتـابلىرىنى يىغىشتۇرغاچ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ـ ماقۇل، بىللە يېسەك يېدۇق! ـ دېدى.

ئـۇلار نـىمە تامـاق يېيىشـنى مەسلىھەتلەشـكەچ دەرسخانىدىن چىقىپ كەتتى.

مەن ئۇلارغـا قـاراپلا قالـدىم خـۇددى روھـى ئۆچـۈپ كەتـكەن كىشـىدەك. ئەسـلى ئـۇ گەپنـى مەن دېمەقچـى ئـىدىمغۇ. تۇيۇقسىزلا ئـۆزۈمنى بىـتەلەي، كارغا كەلـمەس، باشقىلارنىڭ نەزىـرىگە ئېلىنماس شـەكىلدە ئـويلاپ ئـىچ ـ باغرىمنى بىرى قوچىۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كەتتىم.

تاماققا كەيپىم يـوق ئـىدى، بـاش ـ ئۈچسىز خىياللارغا چىلىنىـپ ئولتـۇراتتىم. بىـر چاغ ئـايگۈزەل بىـلەن ياتـاقتىكى ساۋاقداشلار كىرىپ كەلدى:

ـ ئوخشاپتۇ ھە، بۇگۈن پولۇ.

ـ ۋوي، سـىنىپتا قالغانتىـڭ؟ بىـزدىن بـۇرۇن كىرىـپ بوپسەنغۇ؟

ـ دۆت، بىـرگە تامـاق يېگەنـدىكىن ئۆزۈنـدىراق چىقىدىغان تاماقنى بۇيرۇيتتىڭ ئەمەسمۇ، قارا سېنى.

ـ بۇ ئىشىمنى پەقەت ئايگۈزەللا ئۇقاتتى، ئـۇ بىلىـپ

ـ بىلمەي بۇ گەپنى دەپ قالغىنىنى سېزىپ ئۇياققا قاراپ تۇرىۋالدى.

ـ ۋوي، مانداق ئىشمۇ بارمۇ تېخى، ۋاي كىمۇ؟

ـ كىمكەن؟

ـ ۋاي، دېگىنە!

ـ بولـدى قىلىڭـلار بولـدى، چاقچـاق قىلىـپ قويسـا كەچكىكە ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدىكەنسىلەر.

مېنىـــڭ تۇيۇقســـىزلا چىچىلىـــپ قالغىنىمـــدىن كەيپىيـاتىمنى بىلـگەن قىـزلار، بىـر ـ بىـرىگە كـۆزلىرىنى قىسىپ قويۇشۇپ پارىڭىنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى.

ـــــ ھەي ! ھەي ! بىلەمســـــلەر؟ مەن مەكـــــتەپ سىرتىدىكى ئاشخانىدا كىملەرنى كۆردۇم؟

ياتاقتىكى مىش ـ مىش پاراڭ يەنە باشلاندى.

ـ ۋايجان! كىمنى كۆرگەنسەن ئەمدى! دېگىنە.

ـ مەردان بىلەن گۈلسىمەنى!

ئەمـدى چاينـاپ يۇتـاي دەپ تۇرغـان نـان بـۇ گەپ بىـلەن گېلىمـدا تـۇرۇپلا قالـدى. بـۇ مەن ئاڭلاشـنى ئەڭ خالىمايدىغان گەپ ئىدى.

ـــ ھەجەپ مەردان گۈلسـىمە بىـلەن بىللە تامـاق يەپ قاپتىغۇ؟

ـ قارىغاندا بۇلاردا بىر گەپ بار...

ـ بولسا نېمە بوپتۇ، مېنىڭچە ئـۇلار بەك مـاس كېلىـدۇ. بىرى كېلىشكەن يىگىت، يەنەبىرى پەرىزاتتەك قىز.

بـۇ گەپـلەر گېلىمنـى تېخىمـۇ ئېچىشـتۇرۇۋەتتى. ئەمـدى گېلىمگە كېلىـپ قالغـان نـاننى يۇتۇشـقا كـۆزۈم يەتـمەي، چېپىمنى ئېچىشكە باشلىدىم.

مەن ئۆزەمنىـڭ بەك ئـارتۇقچە ئـويلاپ كەتكەنلىكىمـدىن رەنجىيتتىم. لېكىن...

بۇ دۇنيادا بىر ئادەمنى يوشـۇرۇنچە ياخشى كۆرۈشـتىنمۇ ئارتۇق ئازابلىق ئىش يوقتۇر بەلكىم. ياتاقتىكى قىزلارنىـڭ مەردان بىـلەن گۈلسـىمە توغرىسـىدا قىلىشـقان گەپلـىرى مېنى چۆچىتىپ قويدى.

كېيىنكـى كـۈنلەردە، مەن دائىـم ئـۇلارنى مەكتەپنىـڭ ھەرقانـداق جايلىرىـدا ئۇچرىتىـپ تـۇردۇم. ھەرقېـتىم ئۇلارنىـڭ رومانتىـك بىللـە ماڭغىننى كۆرسـەم، ئىچىـم

بىرخىل ھەسرەتكە تولاتتى، كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى. نېمىشقا بارلىق ياخشى نەرسىلەر باشقىلارنىڭ بولىدۇ؟ مەن نېمىشقا ئېرىشەلمەيمەن؟ئىچىمگە ھامان شۇنداق بىر ئاچچىق تۇيغۇ ھۆكۈمران ئىدى.

***

ئېسىمدە قېلىشىچە بىر كىتابتا مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى كۆرگەن ئىدىم.

ئېرىشەلمىگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى بەخت بولىشى ناتايىن شۇنداق، مەن ئېرىشەلمىگەن نەرسە ماڭا بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، چۈنكى مەردان ئەزەلدىن مېنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان، ياخشى كۆرۈش تۈگۈل ماڭا قاراپمۇ باقمىغان.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، مەردان بىلەن گۈلسىمەنىڭ ئارىلىشىۋاتقان خەۋىرى سىنىپنى بىر ئالدى. ئۇلار بىللە دەرسكە قاتنىشاتتى، بىللە مۇزاكىرە قىلىشاتتى، بىللە تاماق يەيتتى.

مەن ئاخىرى ئۇلارغا بەخت تىلىدىم.

***

ـ ئايگۈزەل، چاققان بول، تۇر! ئەمدى قوپمىساڭ كېچىكىپ قالىمىز! ئايگۈزەل، ئاڭلىدىڭمۇ؟

ـ نېمە بولغانسەن يېقىندىن بېرى، يەنە بىرەر سائەت بارغۇ تېخى دەرسكە!

ـ شۇنداق دېمىسەم تۇراتتىڭمۇ سەن قېلىن! قوپە تېز، ھەر كۈنى ئەتىگەن دەرس تەكرارلاشنى دېيىشكەنغۇ بىز!

ـ ۋايجان، كۆزلىرىم ئېچىلماۋاتسا، سەن چىقىپ تۇرە ئاداش بۈگۈن.

بۇرۇنقى مېنى چاقىرىدىغان ئايگۈزەل ھەر كۈنى مېنىڭ ئۈنى بەك سەھەر ئويغىتىۋەتكەنلىكىمدىن مۇشۇنداق قاقشايتتى. ئۇ ۋە باشقىلار يەنە مېنىڭ تۇرۇپلا ئۆزگىرىپ كەتكىنىمگە ھەيران ئىدى. شۇنداق، مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىمنى بىلگەنىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولۇمنى ھېچكىم مەن ئۈچۈن بېسىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى، يەنىلا ئۆزۈمگە تايىنىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. شۇڭا، قەيسەر بولمىسام بولمايتتى.

مەن باشقىلارنى سۆيۈشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمنى سۆيۈشۈم كېرەك. خەپ، توختا مەردان، مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ ئاجىز ئەمەسلىكىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن. مەن چوقۇم تىرىشىپ، مېنى ھەسرەتتە قالدۇرغان ئاشۇ كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك ئادەم بولۇپ چىقىمەن!

***

شۇنىڭدىن باشلاپ ھەركۈنى ئورنۇمدىن سەھەر تۇرۇپ ئېنگلىزتىلى ئۆگەندىم، كۈندە پىلان تۈزۈپ كەسپىي دەرسلەرنى سېستىمىلىق ئىگەللەپ ماڭدىم، ئارتۇقچە ئويۇندىن، ھەرخىل ئويۇنلاردىن، سورۇنلاردىن ئۆزۈمنى تارتتىم. مەقسىتىم ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇش، ئۇ چىققان مۇكاپات سەھنىسىگە مەنمۇ تەڭ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر نۇقتىدا تەڭ تۇرۇش، ئۆزۈمنىڭ ئاجىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئىدى. كۈندە شۇنداق جاپالىق، ئالدىراش ئۆتسەم ئۇنى ئويلاپ ئازاپلانمايتتىم. كەچتە ياتاققا كىرىپ يۈزۈمنى يۇيۇپ بولۇپلا كارىۋاتقا دۈم چۈشۈپ ئۇخلاپ قالاتتىم.

بىر يىل جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق مەن ئاخىرى نەتىجە قازاندىم. يىللىق نەتىجىمىز ئېلان قىلىنغاندا باللار بۇرۇن كېچىچە كىنو كۆرۈپ دائىم دەرسكە كېچىكىدىغان، دەرسلەردىمۇ ئانچە ئاكتىپ ئەمەس، دائىم سىنىپنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ تېلفۇن ئوينايدىغان بىر قىزنىڭ نەتىجىسىگە ئىشىنەلمەي ھەيران قالدى. بۇلتۇر 31 ـ دەرىجە بولغان مەن بۇ يىل 30 دەرىجە ئاتلاپ بىرىنچى بولغانىدىم. مەردان ئىككىنچى بولغانىدى.

ــ تۇۋا، دوستۇم قالتىسكەنسەن جۇمۇ؟ ساڭا كەلگەن نەدىكى كۈچ ئۇ؟

ـ بۇ مۇھەببەتنىڭ كۈچى، ـ دېدىم مەن ئىچىمدە.

يىللىق مۇكاپاتلاش سەھنىسىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ كەسپىي بىرىنچى دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئالدىم. مۇكاپات سەھنىسىدە ياندىشىپ تۇرغاندا ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا ئاخىرى تىكىلىپ يۈزلىنەلىدىم. شۇ دەقىقىدە مەن پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

ــ مەن مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، مەن ئاجىز ئەمەس، ـ دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى.

مەن گەرچە مەرداننىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ مەن يەنىلا ناھايىتى شاد ئىدىم. ئەنە ئۇ ئاخىرى ماڭا كۈلۈپ تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى، گەرچە ئۇ كۆزلەردىن چاقناۋاتقىنى مۇھەببەتلىك ئۇچقۇنلار بولمىسىمۇ ئەمما، شۇ نۇرلار ماڭا تەسەللى بەردى، ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئۇنچە ئاجىز، ئۇنچە يارىماسلاردىن ئەمەسلىكىمنى شىۋىرلىدى. مەن شۇ دەمدە ۋوجۇدۇمدىن ئۆزۈمنى بىتەلەي، كارغا كەلمەس، باشقىلارنىڭ نەزىرىگە ئېلىنماس شەكىلدە ئويلايدىغان تۇيغۇلارنى ئىزدەپمۇ تاپالمايتتىم.

*مۇھەررىر: ئابدۇللا تۇرسۇن (2012)، ئالىمجان توختى (2009)*

*كوررېكتور: مەمەتجان ئابدۇقادىر (2011)*



# رومكا سوقۇشقان خىياللار

رۇقىيەگۈل تۇرسۇن (2010)

يېرىم كۆتۈرۈلگەن قۇياش،
قۇلاقنى يارغۇدەك شاۋقۇن ـ سۈرەن،
تازا قاينىغان
چاتقالدىكى چارشەنبە بازىرى.
بىر ـ بىرىگە يول بەرمەي
بازارغا ئالدىرىغان ئادەملەر توپى.
كۆز قارىچۇقۇمدا چاقناپ،
قېتىپ قالدى ئۇيغۇر دۇنياسى.

بىر بۇلۇڭغا تاشلىنىپ،
بويۇن قىسىپ يېتىم قالغان
ئۆزلۈك ۋە كىملىك،
ھەركىم سۆزلەر ئۆزىچە،
ئەرەبىستانغا بارغان ئەرەبچە،
گېرمانغا بارغان نېمىسچە...
ھەر كالىلدا ھەرخىل فورمۇلا.
كىتاب دۆۋىسى ئىچرە
ئۆملەپ يۈرەر توپ ـ توپ زىيالىي،
دىپلوم،
ئۇنۋان،
قىپقىزىل شەرەپ كېنىشكىسى،
ھەر خىل ھەر ياڭزا گۇۋاھنامىلەر،
كۆتۈرەلمەس باشلار ئېغىرلىقىدىن.
بىر ـ بىرىنى چىشلەر بېلىقلار،
يىراقتا تۇرغان
كۆپۈك ئۆرلەپ تۇرغان ئۇيغۇر دېڭىزى،
قىرغاقتا قول قوشتۇرۇپ تۇرار غەۋۋاسلىرى.

«زىيالىي» ياراتماي قاچقان،
چەتتىكى نامرات چىگبۇلاقتا،
پادا بېقىپ يالاڭ ئاياغ يۈرەر باللار،
قەھرىتان قىش،
مېھنەتكەش دېھقان،
تىكەن چاپماقتا ماللىرىغا،
مېرسىدىس ئۈستىدە باينىڭ خىيالى.
تورخانىدىن چىقماس شەھەر باللىرى،
ئېلېكترونلۇق تۈنەكتە ئۇنتار ھەممىنى.

مودا،
قاتار چاي،
قىمار سورۇنى،
ھەزىلكەش ئەرلەر،
ئوچۇق ئاياللار،
ئەيدىز،

ئەيدىزدىنمۇ يامان ئىللەت،
سىڭىپ كىرمەكتە ئاستا تۇيدۇرماي.
شور تاڭلىق يولدا
كېتىپ بارار ئۇن بەش ياشلىق مەسۇمە بىر قىز،
قىز ئەمەس بەلكى بىر ئايال
بالا قولدا بالا.
تۆكۈلگەن گۈل،
بۇزۇلغان ئۆي،
يېتىمسىراپ قالغان باللار،
موھتاجكەن ئەرلەر يەنە ئاشىنىغا،
مۇھەببەتسىراپ كەتكەن ئادەملەر،
مېھىرسىراپ يىغلايدۇ دۇنيا،
تۆكۈلمەكتە قەلەمنىڭ يېشى.

خۇراپىيلىق،
شەكىللۋازلىق،
بۇزۇلغان ئەنئەنە،
چېكىلگەن قاش،
كۆتۈرۈلگەن بۇرۇن،
بۇرۇن ئۇستىگە تېشىلگەن تۆشۈك،
چېچى يوق قىزلار،
بوغۇۋالغان يىگىت چېچىنى،
قىزلار يىگىتتەك،
يىگىتلەر قىزدەك.
يېرىم كىيىم،
ئالا يېشىل چاچ،
ئەبجەش تىل،
قۇرۇت يېگەن مېڭە،
توي، ئۆلۈم، بايراملىرىمىز غەرىچە.
قوشنا قوشنىنى تونۇماس،
سالام ـ سەھەت ئۇنتۇلغان بىنا،
يات بىر ئۆيلۈك ئۇخلاپ چىقدۇ،
مۇشۇك كۆزدىن باقسام ئۇدۇلدا.
ھەركىم ئۆز غېمدە،
ساناتورىيىگە پاتماي قالغان
قېرى ـ چۆرىلەر.

ئىس ـ تۈتەككە تولغان
يۇلتۇز كۆرۈنمەس ئاسمان
سانائەت،
بۇلغىنىش،
بۇلغانغان مۇھىت،
بۇلغانغان روھ،
چىرىگەن ۋىجدان
نۆلىنچى سىزىققا يېقىنلاۋاتقان ئېتىقاد،
ئەتراپىقا تولغان روھىي كېسەللەر.
ئاڭلىماس قۇلاق،
كۆزلەر كۆرمەر ئەكسىنى،
ئۇيغۇر تىلى،
قۇرىغان بۇلاق.
تىل سۆزلەيدۇ توختىماي
ھەق قىلىشقا ئۆزىنىڭكىنى،
يۈكنى كۆتۈرەلمەي غىچىرلاپ
كەلمەكتە يىراقتىن ئېشەك ھارۋىسى.
پۈرىدى قاڭسىق ھاراقنىڭ ھىدى،
رومكىغا لىق تولغان
قۇرۇق پەلسەپە،
تالىشىپ ئىچەر ئۇنى ئادەملەر.
2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، بېيجىڭ

***مۇھەررىر: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي (2009)***
***كوررېكتور: زىبىرىدىنسا سەلەي (2011)***

# ئېنگىلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشتە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بەش نۇقتا

ۋاڭ يۈەنبو John Gordon (ئامېرىكا)
ياسىنجان مەمەت تەرجىمىسى (2010)

مەن جۇڭگوغا تۇنجى قېتىم تولۇق ئوتتۇرا 3 ـ يىللىقنىڭ 1 ـ مەۋسۇمىدا كەلگەن، بۇرۇن خەنزۇتىلى ئۆگىنىپ باقمىغان. كېلىشنىڭ ئالدىنقى يىلى مەن بىر يۈرۈش خەنزۇتىلىدىكى پىلاستىنكىلارنى سېتىۋالدىم، ھەم دائىم ماشىنىدا ئېلىپ يۈرۈپ، ماشىنا ھەيدىگەندە ئاڭلىدىم. مەن تېخى بۇنداق قىلسام جۇڭگوغا بارغاندا ناھايىتى تېزلا خەنزۇتىلىنى ئۆگىنىۋالىمەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەپسۇس، بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن ئىشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، مەن ئاڭلىغان ھېلىقى پىلاستىنكىلارنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولغاندەك قىلمايتتى. بېيجىڭدا بىر قانچە ھەپتە تۇرغان بولساممۇ، يەنىلا باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم، بۇ سەۋەپتىن ئىچىم تولىمۇسىقىلىپ كەتتى.

باشقىلار دائىم مەندىن خەنزۇتىلى ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىمدىن ئورتاق بەھرلىنىشنى شۇنداقلا، بۇ ئارقىلىق جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېنگىلىز تىلى ئۆگىنىشىگە ياردەم بولۇپ قېلىشىنى سورايدۇ. بۇنىڭدىكى مەسىلە شۇكى، مېنىڭ خەنزۇتىلى ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىم بىلەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېنگىلىز تىلى ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىدە ناھايىتى چوڭ پەرق مەۋجۇت. ئاساسلىق سەۋەب، مەن جۇڭگودا خەنزۇتىلى ئۆگەنگەن، تەييارتىل مۇھىتىغا ئىگە، لېكىن كۆپلىگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بۇنداق تەييار تىل مۇھىتىغا ئىگە ئەمەس. كېيىنچە ئويلاپ قالدىم، تىل ئۆگىنىشتە يەنىلا نۇرغۇن قائىدىلەر ئوخشىمىغان ئۆگەنگۈچىلەرگە ماس كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مەن ئالدىنقى ئىككى ئايدا «قانداق قىلغاندا ئېنگىلىز تىلىنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يازدىم، تەسىرى يامان ئەمەس بولدى. توردىن تېپىشمۇ ناھايىتى ئاسان. ئۇ ماقالە ئاساسلىقى ماھارەت ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، كونكېرت قانداق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا، ئاندىن بىر تىلنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ماقالە يەنە پىسخىكا ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، روھى ھالەت جەھەتتىن قايسى نۇقتىلارنى ھېس قىلغاندا ئاندىن بىر تىلنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا، مېنىڭچە ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا مۇھىم.

**1. بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇشى كېرەك.**

مەن ئامېرىكىدا خەنزۇتىلى ئۆگىنىشنى باشلىغاندىكى مەقسەت ـ مۇددىئايىم تازائېنىق ئەمەس ئىدى. مەن پەقەتلا ئۆگىنىپ قويۇش كېرەك دەپ ئويلىغان. جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچۈم (نىشانىم)ئېنىق بولدى. مەن ناۋادا خەنزۇتىلىنى ئۆگەنمىسەم، باشقىلار بىلەن پىكىرلىشىشكە ئامالسىز قالىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئۆگىنىشىم كېرەك. ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولمىسا، ھەرىكەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قانچە ئېنىق بولسا، ئادەم قەلبىنى شۇنچە ھاياجانلاندۇرىدۇ. ھەرىكەت شۇنچە ئىشەنچلىك بولىدۇ. ئەگەر سىزئېنگىلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىمەن دەيدىكەنسىز، چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تېپىڭ. ئۇنداق بولمايدىكەن قانداق قوزغىلىشنى بىلمەي قالىسىز، بەزىلەر

تۇغۇلۇشىدىنلا ئېنگىلىز تىلى ئۆگىنىشكە قىزىقىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچكۈچ بولالايدۇ. بۇ خىل تىپتىكى ئادەملەر بىر قەدەر تەلەيلىك، كۆپ سالماقتىكى كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىلا بولىدىغان قىزىقىشقا ئىگە ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تېپىشى لازىم. مەن نېمە ئۈچۈن ئېنگىلىز تىلىنى ئۆگىنىمەن دېگەن سوئال ئۈستىدە بىز ئۆزىمىزنى ھاياجانلاندۇرالايدىغان، تەسىرلەندۈرەلەيدىغان جاۋابنى تېپىشىمىز كېرەك. بەلكىم جاۋابلار ھەر خىل: ياخشى خىزمەت تېپىش، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈن، قىز دوستۇمنىڭ مەندىن پەخىرلىنىشى ئۈچۈن، ئايئېلتىس (雅思)، توفېل (托福) ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن قاتارلىقلار. مۇھىمى ئۆزىڭىزنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان، سىزنى ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان بولسۇن. مەن سىزنىڭ كىچىك بىر پارچە قەغەزگە «مەن ئېنگىلىز تىلىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىمەنكى......» دەپ يېزىپ يېنىڭىزغا سېلىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغاندا، ئاندىن ھەرىكەت بولىدۇ.

**2. بىر تىلنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىش كېرەك.**

مەن جۇڭگوغا كېلىشتىن بۇرۇن خەنزۇتىلىنى ئۆگىنىۋالىمەن دەپتىكەنمەن، كېيىن نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى بايقىدىم. بىراق، مەن ئېھتىياجلىق بولىدىغان ۋاقىتنى ھېس قىلغاندىن كېيىنلا، توغرا ئۇسۇل بىلەن ئۆگىنىشنى ئورۇنلاشتۇردۇم. «قانداق قىلغاندا ئېنگىلىز تىلىنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ» ناملىق ماقالىدە تەخمىنەن 2000 سائەت ئېنگىلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە يېتەرلىك ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى بىر ئاڭلىساق بەك قورقۇنۇچلۇقتەك بىلىنىدۇ. لېكىن، ئالىي مەكتەپتىكى تۆت يىلنىڭ ھەر بىر كۈنىگە بۆلىدىغان بولساق، ھەر بىر كۈنىگە بىر يېرىم سائەتكىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى نۆلدىن باشلىغان ئەمەس.

**3. بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ياخشى پوزىتسىيە بولۇشى لازىم.**

«پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن بىر كىتاب بار. بۇ خىل كۆز قاراش سەل مۇبالىغە قىلىنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بەلگىلىك ئاساسى بار. بىر ئاكتىپ پوزىتسىيە بىر تىلنى ئۆگىنىشتە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئۆگىنىش جەريانىدا پوزىتسىيە ئىككى مۇھىم ئىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ: (1)پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلىگەن ۋاقىت. (2)ئۆگىنىش ۋاقتىنىڭ سۈپىتى. ئۇنداقتا پوزىتسىيە قانداق قىلىپ ئۆگىنىش ۋاقتىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئاسان. ناۋادا بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز پاسسىپ بولسا، ھەر قېتىم خاتالىق سادىر بولغاندىلا ئۆزىمىزنى دۆت ياكى ئۆگىنىشتە ناچار دەپ تىللايدىغان بولساق، ۋاز كېچىشىمىز تۇرغانلا گەپ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەگەر بىز ئۆگىنىش قىلغاندا پوزىتسىيىمىز پاسسىپ بولسا داۋاملىق نېمىشقا بۇنداق بولىدىكەن دەپ ئۆزىمىزدىن ئاغرىنىمىز ـ دە، زېھنىمىز چېچىلىدۇ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىمىز تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

مەن خەنزۇتىلىنى ئۆگىنىۋاتقان ۋاقتىمدا، سىنىپىمدىكى بەزى ساۋاقداشلار داۋاملىق ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشىيەلمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ تەسىرگە ئۇچرايتتى. ئۇلار ھەر قېتىم سىنىپتا خاتالىق سادىر قىلغاندا ئوڭايسىزلىناتتى، داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتىنىڭ بەك ئاستىلىقىدىن ئاغرىناتتى. توغرا بولغان ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرلەيدىغان، ئىلھاملاندۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، يۇمۇرىستىك، كەڭ قورساق بولۇش، قىزىقىدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولۇشى لازىم. پەقەت بۇ خىل ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىلا بىزنى ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ئىگە قىلىدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ئۆزىنى كەچۈرۈش، تەكرار خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقى، ئاندىن تېخىمۇ ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش لازىم.

**4. بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش لازىم.**

چەتئەلگە چىقىدىغان بەزى ساۋاقداشلار دۆلەت ئىچىدە ئېنگىلىز تىلى ئۆگىنىش بەك تەس، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئايئېلتىس (雅思)ئىمتىھانىدىن ئۆتۈۋېلىپ، چەتئەلگە چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۆگىنىش كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن خەتەرلىك. ئېنگىلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشتە، ھەرگىز چەتئەلگە چىقىشقا تايىنىۋالسا بولمايدۇ. مەن ئامېرىكىدا نۇرغۇن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى تونۇيمەن. ئۇلار ئامېرىكىدا ناھايىتى ئۇزۇن تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېنگلىزچىسى ناھايىتى ناچار. ئەلۋەتتە، مەن يەنە جۇڭگودا تۇرغىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان، لېكىن ئازراقمۇ خەنزۇچە سۆزلىشەلمەيدىغان چەتئەللىك دوستلارنى تونۇيمەن. مەيلى بىر ئامېرىكىلىق خەنزۇتىلى ئۆگەنسۇن ياكى بىر جۇڭگولۇق ئېنگىلىز تىلى ئۆگەنسۇن ھەممىسىنىڭ پەقەت چەتئەلدە تۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا تايىنىپلا بىر تىلنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەيلى سىز ئامېرىكىدا بولۇڭ، پەقەت ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەندىلا ئاندىن ئېنگىلىز تىلى سەۋىيىڭىزنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرەلەيسىز.

**5. بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىش ئۇنچە تەس ئەمەس.**

دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئادەم ئېنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنەلىدى، سىز نېمىشقا ياخشى ئۆگىنەلمەيسىز؟ ئەتراپىڭىزدىكى دوستلىرىڭىزغا قاراڭ، چوقۇم ئېنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگەنگۈچىلەر بار. ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى سوراڭ. مەن چوقۇم كاپالەت بېرەلەيمەنكى، ئۇلار ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە. سەرپ قىلىشقا تېگىشلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلدى. ئۆگىنىش جەريانىدا ياخشى بولغان روھىي ـ ھالىتىنى ساقلىيالىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەتراپلىق باش قاتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرالىدى.

سىزچۇ؟ ھېچقىسى يوق، بۈگۈندىن باشلاپ ھەرىكەتلىنىڭ!!!

**«شىنخاگداۋ» چەتئەل تىلى تەربىيلەش مەكتىپىنىڭ ئىچكى ژۇرنىلىدىن تەرجىمە قىلىندى.**

*كوررېكتور: ئابلىكىم مەمەت (2011)*

*مۇھەررىر: سەردار ئۆمەر (2011)*



# غەزەللەر

**ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت ئۇيغۇرىي (2009)**

## داستانى پۇچۇق

ساڭا ئېيتسام بايانىمنى ئاياز قىلدىم باھارىمنى،
ھىجران قىلدىڭ شارابىمنى ئەلەم تارلاپ ساتارىمنى.
باغلار ياساپ باشلىغانتىم تىكەنلەرنى تاشلىغانتىم،
سەن توزۇتتىڭ، قاشلىغانتىم چۆل بېرەلمەس داۋايىمنى.
مەيلى قويغىن مېنى چۆلدە سۇ ئىچەلمەي تامچە، كۆلدە،
ئۆلسەم ئەكەل مېنى گۈلدە چۆلدە قويما مازارىمنى.
شامال ھىدلار بۇيلارىڭنى ئويلاپ يۈردۈم ئويلارىڭنى،
ئويناپ يۈردۈڭ تويلارىڭنى بۇغۇق قىلدىڭ زەبانىمنى.
ئۇستاز قىلىپ ماڭا مېھنەت بەردى يىللاپ قامۇس ھېكمەت،
بىۋاپالىق قانداق سەنئەت چىقارمىغان ساۋادىمنى.
« بىلىمنى تولۇقلاي» دەپ بەلكىم مەنچۈن ئارتۇق غەم يەپ،
ئۈنسىز كەچتىڭ تۈمەن مىڭ رەت بىلمەي مېنىڭ قارارىمنى.
ياتقىن دېسەڭ ۋىسال ئۈچۈن بوسۇغاڭدا ئىتتەك يوسۇن،
بولسا مەيلى كېچە ئۇزۇن غۇرۇر بىرلە ياتارىمنى.

دىدارلاشماق بولۇپ بىر رەت يىرتىپ ئاشۇ ھىجرانلىق بەت،
قېتىپ قويدۇڭ يەنە كۆپ دەرد ھېچ كۆرمىدىم بازارىمنى.
يۇلتۇز قىلىپ كۆزلىرىمنى ئىزلەپ پەقەت ئىزلىرىڭنى،
بىلەلمىدىم سىرلىرىڭنى قېزىۋەتتىم جاھانىمنى،
بىۋاپالىق داستان قۇرۇق مىنگۇم كەلمەس ئېتى ئورۇق،
يۈرەكلەرگە چۈشتى قوروۇق يازدۇرمىدىڭ داۋامىمنى.
يازدۇرمىغىن مەيلى بوپتۇ، ئاخىرىنى چۈشۈر، قاپتۇ،
ئۇيغۇر پەقەت ئۈمىد ئاپتۇ كۆرمەي سەندىن ئازارىنى.
***مۇھەررىر: ئاينۇر ئوبۇل (2010)***
***كورىكتور: مەرھابا مەمەت (2011)***

# ۋىسالسىز كۈتۈش

ئۆزگە باغلار ئاقتىڭ تامان، ئېرىقىمنى قاشلىغان يوق،
يازدا بەرگىم تۆكۈۋەتتىڭ، كۆزلىرىمنى ياشلىغان يوق.
ئىشقىڭدا بۇ كۆڭۈل تۇپراق، ئۆتۈپ يەنە كۆپ قاغجىراق،
« زېمىنىم » غا سەندىن ئۆزگە بىر كىشىنى باشلىغان يوق.
ھەر قەدەمدە تېگىدۇ تاش، يۈرەك تۆكەر، ئۈنسىز قان ـ ياش،
شۇندا يەنە ئالغا قاراپ، بۇ يولۇمنى تاشلىغان يوق.
بولمىغاچقا سۆھبەت ـ سادا، دېمىدىم يار « جانىم پىدا»،
كەلسە ئەجەل، جان تەسەددۇق، باشلىرىمنى قاشلىغان يوق.
ھېجرىڭدا يار جان ئۆرتىنەر، ئالەم قاراڭغۇ كۆرىنەر،
سۆيگۈڭ روھتا يالقۇنلىغان، ئۇنى ھەرگىز ئاشلىغان يوق.
ئىشقىڭ گويا سېھرىي شاراپ، ئىچىپ ئۇنى بولدۇم خاراپ،
كەلمەس ۋىسال، لېكىن ھېچ چاغ ئۆزگە خىيال ئاتلىغان يوق.
كىيىپ جەندە يۈردۈم سەيياھ، غەملىرىڭدۇر ماڭا ھەمراھ،
تۈگمەس دەردىڭ ئۆز بوپ كەتتى، بىر لەھزىمۇ ياتلىغان يوق.
ئۆرۈپ ھىجران يۈردۈم سەرسان، خۇشال ياشاپ كەلدىڭ جانان،
يۈرىكىمدە سۈرىتىڭ بار، ئەسىر كۆرمەي، قاتلىغان يوق.
جادۇلىرىڭ ھېچ كۆچمەيدۇ، يالقۇنلىرىڭ ھەم ئۆچمەيدۇ،
زەبان بوغۇق، ھالىم ئېيتىپ، ساڭا بىر رەت دادلىغان يوق.
ئېيتار دوستلار « كۆيمىگىن » دەپ، ئۇلار بەلكىم غەملىرىم يەپ،
« ياق » دەيمەنغۇ مەن ئۇلارغا، ھەرگىز تىرناق تاتلىغان يوق.
ئەقىدەمدىن توقۇپ ئەتلەس، ھەممە خەلق قىلغان ھەۋەس،
سەن ئۇلارنى بىلگەن ئەمەس، تاشلىۋەتتىڭ، پاتلىغان يوق.
تولا ماڭدىم مەھەللەڭگە، قاناي دەپلا كۆلەڭگەڭگە،
« كەلمە » دېدىڭ، تۇرۇپ قالدىم، باشقا يوللار قاتنىغان يوق.
ئۇيغۇر قالدى سېنى كۈتۈپ، كەلمەسلىكىڭ بىلگەن تۇرۇپ،
خوشال كەتتىڭ ئۆزگە سۆيۈپ، لېكىن سەندىن باتنىغان يوق.
***مۇھەررىر: ئاينۇر ئوبۇل (2010)، كورىكتورى: مەمەتجان ئەمەت (2009)***

# ئۇ شۇنداق جانان

توختىقارى نۇر (2008)

مەن چۈشىسەم ئۇنى ھەر كۈنى،
مەن چۈشىگە كىرمىگەن جانان.
ئۇنى سۆيۈپ جان تەسەددۇق قىپ،
شۇنچە قىلسام بىلمىگەن جانان.

كۆڭۈل بېرىپ بىراۋلار ئۈچۈن،
ماڭا كۆڭۈل بەرمىگەن جانان.
كۆڭۈل خانەم تەختىگە ئۇنى،
تەكلىپ ئەتسەم كەلمىگەن جانان.

كۈنلەر ئۆتەر يىللاردىن ئاستا،
ۋىسال كۈتسەم كەلمىگەن جانان.
غازاڭ قىلىپ ياشلىق گۈلۈمنى،
گۈل ـ چىمەننى چەيلىگەن جانان.

دەريا ئاقسا كۆز ياشلىرىمدىن،
سۈرتۈپ قوياي دېمىگەن جانان.
كۆزۈم ئەمەس يۈرەك يىغلىسا،
پەرۋايىغا كەلمىگەن جانان.

ئاشىق بولسام قوي كۆزلىرىگە،
ھىجرانىدا كۆيدۈرگەن جانان.
ئوقيا ئېتىپ كىرپىكلىرىدىن،
يۈرۈكىمنى ئۆلتۈرگەن جانان.

تەشنا بولسام كۈلكىلىرىگە،
ئۇ ئەزەلدىن كۈلمىگەن جانان.
ئاتىۋەتسەمبارىمنى ئاڭا،
ماڭا كۆڭۈل بەرمىگەن جانان

مېنىڭ ئۈچۈن كۆيىدۇ دېسەم،
ئۇ ئەزەلدىن كۆيمىگەن جانان.
ئاشىقلىقتا رەھىم شەپقەتسىز،
مەن ئەزەلدىن كۆرمىگەن جانان.

سەۋرىم تۈگىدى كۈتۈشكە ئەمدى،
كېتىۋەرسۇن يولىغا جانان.
كۆرەي ئۇنىڭ «بەختىنى» بىر كۈن،
كەتمىسەم ئۇ دۇنياغا جانان.

***مۇھەررىر: رۇقىيە تۇرسۇن (2010)***
***كوررېكتور: مەمەتجان ئەمەت (2009)***

# ئاي نىگار

قېتىپ قاپتۇ كۆز ياشلىرىمىمۇ،
سەن كەلمىگەچ يولۇڭغا قاراپ.
پىراقىڭدا كۆيدۈم كۈنۈ ـ تۈن،

ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇزنى ساناپ.

شېرىن ھىدىڭ كەلسە شامالدىن،

## سادا

تۈتۈپ قالاي شامالّلارنىمۇ.
تەڭ قىلمايمەن ھېچكىمنى ساڭا،
شۇنچە گۈزەل جانانلارغىمۇ.

كۆرسەتمىدىڭ ئاي جامالىڭنى،
يۈزۈڭگە ئاق چۈمپەردە يېپىپ.
چۈلغىۋالدى ئىشقىڭ مېنى يار،
سۇمبۇل چاچىڭ كەڭرى يېيىلىپ.

ئايغا ئېيتتىم يۈرەك سۆزۈمنى،
ساڭا ئېيتىپ قويارمىكىن دەپ.
دەپ قالمىغىن، ئاي نىگار ئۆزۈڭ،
ئاسمانغا قاراپ تويامدىكىن دەپ.

كۆرۈپ قالسام گەر تولۇن ئاينى،
ئوخشاتقۇم يوق شۇ ئايغا سېنى.
چىقىۋېلىپ ئاسمانغا جانان،
ھىجرانىڭدا قىينىما مېنى.

***مۇھەررىر: رۇقىيە تۇرسۇن (2010)***
***كوررىكتور: مەمەتجان ئەمەت (2009)***

# يېڭى يىلغا

خەير ـ خوش كونا يىل!
كۆمۈپ قويدۇم سېنى
دەپتىرىمنىڭ ۋاراقلىرىغا،
پۈتۈپ قويدۇم
بەزىدە تاتلىق
بەزىدە ئاچچىق
شېرىن چۈشتەك كەچمىشلىرىڭنى،
ئىجاد قىلىپ ساددا خىيالدا.

يېڭى يىل!
قول تۇتۇشۇپ سەن بىلەن،
كۈلۈشەيلى قېنىۋالغۇچە.
لېۋىم ياقاي لېۋىڭگە،
مەشۇقلاردەك قېنىشماي،
سۆيۈشەيلى ئۆزئارا.
سۆيۈشەيلى ھەركۈنى،
مۇھەببەتكە قانسۇن كۆڭۈللەر،
چېچەك ئاچسۇن سۆيگۈنىڭ گۈلى.

***مۇھەررىر: رۇقىيە تۇرسۇن (2010)***
***كوررىكتور: مەمەتجان ئەمەت (2009)***

# مەۋسۇملۇق خەۋەرلەر

**ئۆز مۇخبىرىمىز ئامىنە مەتسەيدى (2011)خەۋىرى:** فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمەلىيەت بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە، مەكتىپىمىزنىڭ ۋېنخۇا بىناسى شەرقى ئوقۇتۇش رايونى 0101 ـ سىنىپىدا، «2008 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش پراكتىكا دوكلاتى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى دوكلاتقا فاكۇلتېتىمىز سېكرېتارى ئەركىن ئابدۇللا مۇئەللىم، فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىمام مۇئەللىم، ئەركىن ئارىز مۇئەللىم، ئەكبەر مۇئەللىم ۋە ھەرقايسى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى. دوكلاتتا 2008 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى 2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان پراكتىكىسىدىن ئايرىم ـ ئايرىم دوكلات بەردى.

پراكتىكا مەزگىلىدە 2008 ـ يىللىقتىكى 39 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىككى گورۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 33 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىمام مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ گېزىتى، ئىقتىساد گېزىتى، شىنجاڭ ئاياللىرى ژۇرنىلى، جۇڭگو مىللەتلىرى ژۇرنىلى، شىنجاڭ رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتى، بۇلاق ژۇرنىلى قاتارلىق ئورۇنلاردا پراكتىكا قىلغان. ئالتە نەپەر بازا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەركىن ئابدۇللا مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاقسۇنىڭ كەلپىن ناھىيەسىدە تىل تەكشۈرۈش پراكتىكىسى قىلغان. دوكلاتتا ئوقۇغۇچىلار پراكتىكا جەريانىدا ھېس قىلغان ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەر، ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار ھەمدە كېيىنكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پراكتىكا قىلغان ۋاقىتتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتتى. ئاخىرىدا ئەركىن ئابدۇللا مۇئەللىم ۋە ئەركىن ئارىز مۇئەللىم خۇلاسە سۆزى قىلدى.

**ئۆز مۇخبىرىمىز ساھىرە قۇربانجان (2012)خەۋىرى:** 2012 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مەكتىپىمىزدە يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. يېڭى ئوقۇغۇچىلار كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن ھالەت بىلەن مەيدانغا كىرىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن پائالىيەت باشلىنىپ، مۇسابىقىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل ماھارەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى نامايەن قىلدى. كەيپىياتنى ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرگىنى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى بولدى. يۈگۈرۈشكە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ باردى. 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بۇ چوڭ ئائىلىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەڭ مۇھىم بىلگەن ھەممەيلەن ‹‹دوستلۇق بىرىنچى، مۇسابىقە ئىككىنچى›› دېگەن شوئار ئاستىدا مۇسابىقىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. گەرچە بۇ قېتىملىق پائالىيەتتە فاكولتىتىمىز ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كېلەر قېتىملىق پائالىيەتلەردە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشتى.

*مۇھەررىر: رۇقىيە ھەبىبۇللا (2011)*
*كوررېكتور: مەرۋايىت مەمەتئابدۇللا (2011)*

**ئۆز مۇخبىرىمىز ئىسمايىل ھېكىم (2009)خەۋىرى:** بېيجىڭدىكى ھەر قايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار كۆز تىكىپ كېلىۋاتقان 25 ـ نۆۋەتلىك «ئىكساق لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى 2012 ـ يىلى 10 ـ

ئاينىڭ 20 ـ 21 ـ كۈنى مەكتىپىمىزنىڭ تەنھەرىكەت مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ۋە بېيجىڭدىكى كەڭ ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشىغا ئېرىشتى. مەزكۇر مۇسابىقىگە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى، جۇڭگو خەلق جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى، بېيجىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى، جۇڭگو يېزا ـ ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق كوماندا قاتناشقان بولۇپ، ئىككى كۈنلۈك كەسكىن مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق جۇڭگو خەلق جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى بىرىنچىلىككە، جۇڭگو يېزا ـ ئىگىلىك كوماندىسى ئىككىنچىلىككە، بېيجىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى.

***مۇھەررىر: رۇقىيە ھەبىبۇللا (2011)***

***كوررېكتور: زىبىرىنسا سەلەي (2011)***

**ئۆز مۇخبىرىمىز ئىسمايىل ھېكىم (2009)خەۋىرى:** فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆگىنىش بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە شەرقى ۋېنخۇا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ 0101 ـ سىنىپىدا، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتوتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، فاكۇلتېتىمىزنىڭ 2010 ـ يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى، يېتىلىۋاتقان ياش يازغۇچى ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى «زىيالىي ۋە ساپا» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى لېكسىيەگە 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قاتناشقان بولۇپ، ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى.

***مۇھەررىر: رۇقىيە ھەبىبۇللا (2011)***

***كوررېكتور: زىبىرىنسا سەلەي (2011)***

**ئۆز مۇخبىرىمىز نۇرىمانگۈل ئىمىر (2011)خەۋىرى:** 2012يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مەكتىپىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىللىرى پائالىيەت مەركىزىدا 2012 ـ يىللىق قۇربان ھېيتىنى كۈتۈۋېلىش سەنئەت كېچىلىكى ۋەيېگى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. كېچىلىككە ئەكبەر، ساجىدە، لى ياڭ قاتارلىقلار رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ كېچىلىككە فاكولتىتىمىز رەھبەرلىرىدىن ئەركىن مۇئەللىم، ئىمام مۇئەللىم قاتارلىقلارمۇ قاتناشتى ۋە ئەھمىيەتلىك سۆز قىلدى. فاكولتىتىمىز ئوقۇغۇچىلىرى ۋە باشقا مەكتەپتىن كەلگەن تاماشىبىنلار كېچىلىككە قاتناشتى. پائالىيەت ھەرقايسى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار تەييارلىغان سەرخىل ۋە مول مەزمۇنلۇق نومۇرلار بىلەن داۋام ئەتتى. 2011 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى تەييارلىغان ئىتوت پائالىيەت كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارنى ئەھمىيەتلىك تەربىيىگە ئىگە قىلدى. كېچىلىك ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر مەيدان ساما ئۇسۇلى بىلەن تەنتەنىلىك ئاياغلاشتى.

***مۇھەررىر: تۇرسۇنئاي بارات (2010)***

***كوررېكتور: نۇربىيە ئابلا (2009)***

**ئۆز مۇخبىرىمىز ئەكبەرجان ئابدۇرېھىم (2011)خەۋىرى:** 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەچتە مەكتەپ چوڭ زالىدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 2012 ـ يىللىق قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. كېچىلىككە مەكتەپ رەھبەرلىرى، مەكتىۋىمىزدىكى بۇ بايرامنى ئۆتكۈزىدىغان ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 11مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ھەم باشقا تاماشىبىنلار ئىشتىراك قىلدى. كېچىلىك مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىدىكى ئوغۇل ـقىزلارنىڭ كوللېكتىپ <<دولان ئۇسسۇلى>>مەشرىپى بىلەن باشلاندى. ئوقۇغۇچىلار تەييارلىغان سەرخىل سەنئەت نومۇرلىرى كېچىلىك كەيپىياتىنى ناھايىتى يۇقىرى چەككە كۆتۈردى. فاكۇلتېتىمىز 2012 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى كېچىلىكتە ئالاھىدە نومۇر كۆرسىتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. كېچىلىك تەخمىنەن ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشتى. كېچىلىكتىكى دولان ئۇسۇلى، موتىر مېڭىش قاتارلىق ئېسىل نومۇرلار ھەممەيلەننىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

**ئۆز مۇخبىرىمىز ساھىرە قۇرۋانجان (2009)خەۋىرى:** 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەكتىۋىمىز يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئارغامچا تارتىش، ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۈن گەرچە قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى بولسىمۇ، ساۋاقداشلارنىڭ مۇسابىقىگە بولغان قىزغىنلىقى بەكلا يۇقىرى بولدى. مۇسابىقىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ۋە مەدەتچىلەر دەل ۋاقتىدا مۇسابىقە مەيدانىغا چىقىپ، مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلدى. مەدەتچىلەرنىڭ ياڭراق مەدەت ساداسى ئىچىدە مۇسابىقە ئەزالىرى بار كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق

كۆرسەتتى. مۇسابىقىدە فاكولتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرى گەرچە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئايەم كۈنلىرىدە ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەتنى باشتىن ئۆتكۈزدى.

**تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز زۇلپىيە (2012)خەۋىرى:** 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىمەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە سارىيىدا تەپكۈچ تېپىش ۋە ئارغامچا سەكرەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە مەكتىۋىمىزدىكى 23 فاكۇلتېت قاتناشقان بولۇپ، مۇسابىقىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئاكتىپلىق بىلەن پۈتۈن ماھارىتىنى كۆرسەتتى. مۇسابىقىدە فاكۇلتېتىمىز 2012 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى دانىيار تەپكۈچ تۈرىدە بىرىنچىلىككە، فاكۇلتېتىمىز كوللېكتىپ نەتىجىدە سەككىزىنچىلىككە ئېرىشتى.

**ئۆز مۇخبىرىمىز ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت (2009)خەۋىرى:** فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى 2012 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مەكتەپنىڭ ۋېنخۇا بىناسى 1 ـ قەۋەتتىكى ئۈچ يۈز كىشىلىك دوكلات زالىدا، مەخسۇس ماۋزۇلۇق لېكسىيە سۆزلەش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر شائىر لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ توقسان يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىدى.

يىغىن زالىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى تېمىغا «بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر شائىر لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تەۋەللۇتىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز» دېگەن ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە خەتلىك زور پىلاكاتلار چاپلانغان؛ زال نىڭ رەئىس سەھنىسى ئورۇنلاشقان تۇغرا تېمىدىكى ئېكرانغا، لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ غايەت زور فوتو سۈرىتى بىلەن لېكسىيە ماۋزۇسى ۋە مەزمۇن نۇقتىلىرى چۈشۈرۈلگەن ئىدى.

يىغىنغا ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كافېدراسىنىڭ مۇدىرى ئىمام موللاخۇن مۇئەللىم رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا پروفېسسور، دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي مۇئەللىم «ئۇيغۇر پىداكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى— لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ روھىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشىدە يېڭى سەۋىيە يارىتايلى » دېگەن ماۋزۇدا لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيە ئىچىدىن « يەتتە يىلدا يەتمىش يىللىق ئىشنى قىلىپ بولغان ئىنسان»، «لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى»، «لوتپۇللاھ مۇتەللىپتىن بىزگە مىراسلار» ۋە «ئۆرنەك ياشام، ئەينەك هايات ۋە ئەۋلاد بۇرچى» بولۇپ، تۆرت بۆلەككە بۆلۈنگەن بۇ لېكسىيەنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقانلاردىن باشقا، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، پايتەخت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئورمانچىلىق ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېيجىڭ ئۇچۇر پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، جەمئىي 300 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچىدىن تەركىپ تاپقان يىغىن ئىشتىراكچىلىرى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

يىغىن ئاخىرىدا، 2009 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئالىمجان توختى ئۆزى ئاھاڭغا سالغان «ئۇنتۇلمايسەن لوتپۇللاھ ـ لوتۇن ئاكا» دېگەن ناخشىنى (تېكىستىنى ئابدۇرەئوپ مۇئەللىم يازغان)دۇتار بىلەن ئورۇنلاپ، يىغىننى ئەۋجىگە كۆتۈردى.

**ئۆز مۇخبىرىمىز ئەكبەرجان ئابدۇرېھىم خەۋىرى:** 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەرىكە زالىدا يېڭى ئوقۇغۇچىلار ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە مەكتىۋىمىزنىڭ 20 نەچچە ئېنىستىتوت ـ فاكۇلتېتىدىن تىزىملانغان 50 كە يېقىن نومۇردىن ئىككى قېتىملىق تاللاش ـ شاللاش ئارقىلىق تاللانغان 13 نومۇر قاتناشتۇرۇلدى. فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرى تەييارلىغان «بۇ چۈش ئەمەس» ناملىق كىچىك تىپتىكى سەھنە تىياتىرىمۇ بۇ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى. فاكۇلتېتىمىز رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈمىنىڭ زور كۈچ چىقىرىشى ۋە 2012 ـ يىللىقتىكى ساۋاقداشلارنىڭ يېقىندىن ماسلىشىپ، جاپالىق مەشىق قىلىشى بىلەن بۇ سەھنە تىياتىرى مۇسابىقىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىلىپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. فاكۇلتېتىمىز 2010 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى شاھمەردان يازغان بۇ سەھنە تىياتىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتكەن، مىللىي مەدەنىيەت ۋە زامانىۋىلىق بىر گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىلغان ئالاھىدە نومۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسابىقىدە 2 ـ دەرىجىگە ئېرىشىپ، ئالدىنقى يىلدىكى نەتىجىنى ساقلىغاندىن سىرت، يەنە «ئەڭ ياخشى ئىجادىيەت» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ فاكۇلتېتىمىزغا زور شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. مۇسابىقە ئاخىرىدا ھەممەيلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

**تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز ئالىمجان توختى (2009)خەۋىرى:** شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، تالانتلىق شائىر، مول ـ هوسۇللۇق تەتقىقاتچى، ئەدەبىياتشۇناس، ئەدىب ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەكلىپى بىلەن

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 05 ـ كۈنى «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىتچىلىكىدە نەزەرىيە مەسىلى» دېگەن تېمىدا بىر قېتىملىق لېكسىيە سۆزلەپ ئۆتتى.

ئەسلى بېيجىڭغا يېقىنغا كەلگەن ئابدۇقادىر جالالىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك تەلىپىنى رەت قىلالماي، ئۇلارنىڭ ئىلمگە تەلپۈنۈپ تۇرغان قەلبىگە كىچىككىنە بىر مەلھەم بولۇش ئارزۇسىدا بىرگە يېقىنغا كەلگەن باشقا سەپەرداشلىرىنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ ئۆزى ئالايىتەن مۇشۇ لېكسىيە ئۈچۈن قېلىپ قالغان ئىدى.

لېكسىيە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مەدەنىيەت پەنلىرى غەربىي ئوقۇتۇش رايونىنىڭ 1 ـ قەۋەت يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكولتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلار، ماگىستىر ئاسپىرانت، دوكتۇر ئاسپىرانت، تولۇق كۇرۇس ئوقۇغۇچىللىرى؛ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ پېداگوكا ئۇنىۋېرسىتېتى، جوڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقىلار بولۇپ 250 دىن ئارتۇق ئادەم لېكسىيەگە قاتناشتى. لېكسىيەگە فاكولتېتىمىز ئوقۇتقۇچىسى، دوتسېنت ئىمام موللاخۇن مۇئەللىم رىياسەتچىلىك قىلدى.

لېكسىيە ئاساسلىق قىلىپ ئابدۇقادىر مۇئەللىمنىڭ يۇقارقى تېما ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنمىگەن نوقتىلار ھەققىدە سوئال سورىشىدىن ئىبارەت ئىككى نوقتا بويىنچە ئېلىپ بېرىلدى. باشتا ئابدۇقادىر مۇئەللىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى بەزى ھادىسىلەر ھەققىدە توختۇتۇلۇپ ئەدەبىياتىمىزدىكى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈشكە بولغۇدەك نۇرغۇن نوقتىلارنىڭ تېخى بوش پېتى تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرسۈتۈپ ئۆتتى. شۇنداقلا يەنە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى، خەنزۇ ئەدەبىياتى، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىياتىمىز بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بەزى نوقتىلارنىمۇ تاشلاپ قويماي، ئەدەبىياتىمىزدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ جۈملىدىن تەنقىچىلىك نەزىرىيەسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى يۆنىلىشىگە دائىر ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. كېيىندىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تەنقىتچىلىك نەزەرىيىسى ھەققىدە نوقتىلىق توختالدى. تەنقىتچىلىكىمىزدىكى ئالاھىدىلىك ئۈستىدە سۆزلەپ يەشمە ئالاھىدىلىك (ئەسەرنى يېشىپ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش خاراكتېرىدىكى)، ئاغدۇرمىچىلىق (باشقىلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆز دۇنيا قارىشىغا بويسۇندۇرۇش يەنى ئۆز دۇنيا قارىشىغا ئوخشىمىسىلا خاتا دەپ قاراش خاھىشىدىكى)، تەسىرات ئىزھار قىلىش خاراكتېرىدىكى تەنقىتچىلىك، نېمىنى دېگەنلىكىگە كۈچەپ نېمىنى قانداق يول بىلەن دېگەنلىكىگە سەل قاراش (توغرا بولغان تەتقىقات مېتودىنىڭ بولماسلىقى)، كەسپلەشكەن تەنقىتچىلىك قوشۇنى بولماسلىق (تەنقىتچىلىكنى ئۆمۈرلۈك كەسپى قىلىپ ماڭىدىغان ئىزچىللىقنىڭ سۇسلىقى)، نەزەرىيەنى يەرلىكلەشتۈرۈشنىڭ يېتەرسىز بولىشى (چەتنىڭ تەرجىمە بىلەن كىرگەن نەزەرىيەلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئۆلچەم قويماقچى بولۇش)، ئەدەبىي تەنقىتچىلىكنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى خىلمۇ ـ خىل، رەڭدار ھادىسىلەر بىلەن ماس قەدەمدە ماگاللاماسلىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدى. ھەر بىر نوقتىنى ناھايىتى چوڭقۇر پىكىرلەر ئارقىلىق ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ لېكسىيەدىكى ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە بولغان قايىللىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئابدۇقادىر مۇئەللىم يەنە تەنقىتچىلىكنى ئۆز ئۇسۇلى بويىنچە سوتسىيال ئەدەبىي تەنقىتچىلىك، ئېنىستىتۇت تەنقىتچىلىكى، مەدەنىيەت تەنقىتچىلىكى، تەسىرات تەنقىتچىلىكى، مىكرو تەنقىتچىلىك (ئاساسەن تورلاردىكى)، پىتنە تەنقىتچىلىك قاتارلىق بىر نەچچە تۈرلەرگە بۆلۈپ ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بويىنچە ئايرىم ـ ئايرىم توختۇتۇلۇپ ئۆتتى.

سوئال سوراش باسقۇچىدا لېكسىيەنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى، سوئالغا كۆتۈرۈلگەن جۈپ ـ جۈپ قوللار ھېچ ئازىيىدىغاندەك قىلمايتى. لېكسىيەگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىمام مۇئەللىم سوئال سوراش باسقۇچىنىڭ ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن توختىتىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىمۇ بىر نەچچەيلەن ھاياجاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاشتى. ئابدۇقادىر مۇئەللىم بۇنداق قىزغىن كەيپىياتتىن ناھايى سۆيۈنگەنلىكى، ئۈمۈدلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئاخىرىدا ئىمام مۇئەللىمنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى ئەكبەر قادىر مۇئەللىم ئۆز تەسىراتىنى سۆزلىگىلى چىققان ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار ئىلاجىسىز قوللىرىنى تاشلاشتى.

***مۇھەررىر: رۇقىيە ھەبىبۇللا (2011)، ئىبراھىمجان ساۋۇت (2011)***

***كوررېكتور: زىبىرنىسا سەلەي (2011)، مەرۋايىت مەمەت ئابدۇللا (2011)***

# 目录

## 访谈

京城的勤勉园丁……………………………………………………依斯马依力·艾肯木、胡尔西丹·塞米（1）

《学识园》中的亚当与夏娃…………………………………………………努尔比亚、依斯马依力·艾肯木（84）

## 小说

眼目的贪污………………………………………………………………………………………艾克拜尔·依马木（69）

乡下的婚礼………………………………………………………………………………………阿里木江·托合提（38）

母子…………………………………………………………………………………………………玉苏普·麦麦提（52）

艾日普与朱丽叶…………………………………………………………………阿不都热依木·土地艾合买提（58）

馕…………………………………………………………………………………………夏伊麦尔丹·买买提伊力（81）

恋人未满………………………………………………………………………………………萨巴海提·木合拜提（90）

## 作家之窗


柯尔克孜族著名的作家钦吉斯·*艾特玛托夫的正传*………………………………………… (27)

苏裔美籍诗人约瑟夫·布罗茨基……………………………………………………………… (28)

中国首位获得诺贝尔文学奖的作家莫言……………………………………………………… (29)

著名的作家奥罕·帕慕克……………………………………………………………………… (31)

诗人，作家艾克拜尔·伊麻木………………………………………………………………… (68)


## 诗歌赏析


母语之情……………………………………………………………………土尔克扎提·拜斯尔（8）

我的花儿……………………………………………………………………买买提江·艾买提（50）

双行诗………………………………………………………………………买买提伊力·托合提（45）

思念…………………………………………………………………………玉苏普·麦麦提（79）

冥想…………………………………………………………………………茹克亚·吐尔逊（93）

诗歌二首……………………………………………………………………阿依努尔·吾布力（80）

格则勒二首…………………………………………………阿卜杜哈里克·阿布都瓦依提（97）

诗歌…………………………………………………………………………托合提·努尔（99）

考试之考验…………………………………………………………………阿卜杜拉·吐尔逊（67）

生活就是那一道闪电………………………………………………………买吾兰·玉山江（83）

## 散文园地

死亡……斯提妮萨·玉苏普（51）
时间……祖力皮娅·阿不力克木（88）
向心灵私……买买提江·艾买提（80）

## 论文集

耿世门与他的著作目录……阿布拉江·玉苏普（9）
论胡苏里的生平与他的作品……土尔克扎提·拜斯尔（60）
广义学会心理语言学……阿卜力克木·麦麦提（55）
回鹘文字……阿卜杜哈力克·阿卜杜瓦伊提（46）

## 桥

啊，我疯癫的母亲……拍塔尔江·穆哈麦迪（33）
天使的目光……依斯马依力·艾肯木（76）
学好英语的五大核心……亚生江·买买提（95）
年度新闻……(101)

# 心声

（维吾尔文，内刊）

**顾　　问：**力提普·托合提、艾尔肯·阿布都拉

**指导老师：**依马木·毛拉洪、麦麦提

**主　　编：**阿里木江·托合提（2009）

**副　　编：**茹克娅·吐尔逊（2010）

夏伊麦尔丹·买买提艾力（2010）

**编委成员：**阿卜杜哈力克（2009）、土尔克扎提（2009）、阿不都热依木（2009）、胡尔西丹（2009）、阿依努尔（2010）、古丽米热（2010）、奥斯曼江（2010）、赛尔达尔（2011）、阿卜杜拉（2012）、

**责任校对：**买买提江（2009）、努尔比亚（2009）、麦尔哈巴（2011）

**校　　对：**努尔曼古丽（2010）、阿依加玛丽（2011）、阿部力克木（2011）、热米拉（2011）、孜比尔尼萨（2011）、买买提江（2011）、麦尔瓦依提（2011）、依再提古丽（2011）

**排　　版：**努尔比古丽·艾海提（2009）

**中央民族大学维吾尔语言文学系团总支学生会**

**《萨达》杂志编辑部**

**2012 年 12 月·北京**